# قاراماي تارىخ ماتېرىياللىرى



2

3

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى.

مەھەممەت نۇر

1987 - يىل 20 - ئىيۇل.

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەمتىمىن تۆمۈر، ئابدۇللا
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئوسمان تۇرغۇن


قاراماي تارىخ ماتېرىياللىرى (2)
究拉玛依文史资料（2）（维吾尔文）
جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قاراماي شەھەرلىك
كومىتېتى تارىخى ماتېرىياللار ھەيئىتى تۈزگەن.
中国人民政治协商会议克拉玛依市委员会
文史资料委员会编
كۆپەيتىپ بېسىشقا بولمايدۇ    ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ
内 部 发 行    请 勿 翻 印
شىنجاڭ شىخو ناھىيىلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
新疆乌苏县印刷厂印刷
1988 - يىلى 2 - ئايىنىڭ 10 - كۈنى نەشىردىن چىقتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزەمنى بېغىشلايمەن. ........................ جاڭ يى 1

## قاراماي نېفىتلىكىنى تەكشەش بىرلەشمە جېڭى

نېفىتلىكنىڭ ياشلىق باھارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىرلەشمە جېڭى ................................ ساۋجىنكۇي 29
1 - رايوندىكى نېفىتلىكنى تەكشەش بىرلەشمە جېڭىغا دائىر بەزى ئەھۋاللار ..................... جېڭ لۇنشۇ 59
قاراماي نېفىتلىكىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى بەزى ئەھۋاللاردىن ئەسلىمە ...... شې جېيى 69

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مايتاغ نېفىت كانى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مايتاغ كانى ........................................ قابىدوللا 78
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مايتاغ ........................................ سېيىت ئۆمەر 88
مايتاغ - نېفىت سانائىتىنىڭ ماكانى ... مەھەممەت ئەلىيوف 112

# 目　　录

为发展新疆石油工业而献身……………………张　毅（1）

## 克拉玛依油田调整会战

恢复油田青春的会战………………………… 曹进奎（29）
一区油田调整会战的一些情况……………郑伦叙（59）
关于克拉玛依研究工作一些情况的回忆… 谢知义（69）

## 三区革命时期的独山子油矿

三区革命时期的独山子油矿…………哈比都拉（78）
三区革命时期的独山子………… 塞依提·吾马尔（88）
独山子——新疆石油工业的发详地 … 买买提·（112）
阿力尤夫

www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭنىڭ نېفىت سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزەمنى بېغىشلايمەن

جاڭ يى

**مايتاغدىكى چېغىمدا —**

**مەن بۇرۇلچىك ئىدىم؛ ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئىشچى ئۇستىلار مېنىڭ دوستلىرىم؛ قۇدۇق مەيدانى مېنىڭ ئىككىنچى مەكتىۋىم ئىدى.**

شىنجاڭنىڭ نېفىت سانائىتى دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن، يەنى 1951 ـ يىلى رەسمى راۋاجلىنىشقا باشلىغان. ئازادلىقتىن ئىلگىرى، شېڭ شىسەي سوۋېتلىكلەرنىڭ ياردىمىدە 10 مىڭ توننىدىن كۆپرەك نېفىت ئالغان ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، دۆلىتىمىز سوۋېت بىلەن شېرىكلىشىپ "جۇڭگو سوۋېت ھەسسىدارلىق نېفىت شىركىتىنى" قۇردى. بۇ شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنى تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىش يولىغا ماڭدۇردى. مەن ئەنە شۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ نېفىت سانائەت قۇرۇلۇشىغا قاتناشتىم.

مەن 1951 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى مايتاغقا كەلدىم، 18 ـ كۈنى

مايتاغدا 23 ـ قۇدۇققا كەچلىك ئىسمېنىغا چىقتىم. شۇنىڭدىن باشلاپ مەن نېفىتلىكتىكى ھاياتىمنى باشلىدىم.

بىز داشۆنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، خىزمەتكە تەقسىم قىلىشتىن ئىلگىرى بېيجىڭغا بېرىپ يېرىم ئايدىن كۆپرەك يىغىن تەربىيىلەندۇق. مانا بۇ يېرىم ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋامىدا، باش قوماندان جۇدې، سەي چاڭ، بويىبو، ئەن زىۋىن قاتارلىق مەركەزدىكى بىرقانچە رەھبىرى يول- داشلار بىزگە دوكلاد بېرىپ، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللەپ ـ ياشناۋاتقان قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، بىزنى چېگرا رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا چاقىردى ۋە ئىلھاملاندۇردى. ئۇ چاغدا ۋەتىنىمىزنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى ھەممە جايغا تەرەپ ـ تەرەپلەرگە تارقالغان ئىدى. بىز ئە- دىيىمىزدە جاپالىقمۇ ـ جاپالىق ئەمەسلىكىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان ئىدۇق. مەكتەپ پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە تەقسىم قىلى- نىش جەدۋىلىنى تولدۇرغان چاغدا، سىنىپىمىزدىكىلەرنىڭ بىرىنچى ئارزۇسى پۈتۈنلەي شىنجاڭغا بېرىش؛ ئىككىنچى ئارزۇسى يۈمىنگە بېرىش؛ ئۈچىنچى ئارزۇسى تەقسىماتقا بوي- سۇنۇش، مەكتەپكە قېلىشقا ھېچكىم جەدۋەل تولدۇرمىغان ئىدى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى چىن كۆڭلىدىن ئەڭ جاپا- لىق يەرلەرگە بېرىشنى، ئەڭ جاپالىق خىزمەتلەرنى قىلىشنى ئۈمۈت قىلغان ئىدى.

سوۋېتلىكلەرنىڭ تۈزىمى بويىچە، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاۋال چوقۇم ئىشچى بولۇشى كېرەك ئىكەن. بىز مايتاغقا كەلگەندىن كېيىن، ئاۋال بۇرۇلچىك بولۇپ ئىشلىدۇق. ئەسلىدە بىز نېفىت ئېلىشتا ئىشلەشكە تەييارلانغان ئىدۇق. كېيىن جۇڭگو سوۋېت نېفىت شىركىتى-

www.uyghurkitap.com

ەدىكى جۇڭگو تەرەپنىڭ كادىرى باشقارما باشلىقى يولداش لى لەن بۇرغۇلاشتا ئادەم كەم دىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز يەنىلا خوشال - خورام بۇرغۇلاشتا ئىشلىدۇق. شۇ چاغدا سوۋېتلىكلەرنىڭ جۇڭگوغا كېلىپ شېرىكلىشىشى يولداش ستالىننىڭ رەھبەرلىگىدىكى ئىنتېرناتسىيوناللىق ئىدى. ئۇلار بىرىنچىدىن جۇڭگو نېفىت سانائىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ياردەم بېرىپ، ئىككىنچىدىن ئادەم تەربىيىلىدى. ئۇ چاغدا سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىزنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل مەخسۇس كىشىلىرى بولۇپ، كىم تەربىيىلىسە شۇ مەسئۇل بولغاچقا، ھەممىسى تەربىيىلەش پىلانىنى تۈزۈپ، ماتېرىيال قىلىپ باسقان ئىدى. شۇ چاغدا ئېلىمىز نېفىت تېخنىكىسىنىڭ كۈچى ئاجىز بولغانلىقتىن، بۇرغۇلاش ئەترەتلىرىنىڭ ئاساسى ئىش ئورۇنلىرىدا مەسىلەن بۇرۇلچىك، باش ماتورىست ھەتتا ياردەمچى بۇرۇلچىكلەرنىڭ ھەممىسىنى سوۋېتلىكلەر ئۈستىگە ئالغان. ئۇلارنىڭ ئىنتىزامى چىڭ، مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك ئىدى. بۇرغۇلاش ماستېرلىرى بۇرغۇلاش ئەترەتلىرىنىڭ بىردىن - بىر رەھبىرى بولۇپ ئۇلارنىڭ ئىشقا چىقىش، ئىشتىن چۈشۈش تۈزۈمى يوق بولۇپ بىر سوتكا ئومۇمى يۈزلۈك مەسئۇل بولاتتى. يەنە داۋاملىق گاز 51 تىپلىق ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ بىز كۆرەلمەيدىغان تاغ جىلغىلىرىدىن كېلىپ تەكشۈرەتتى، بىرەر مەسىلە سېزىلىپ قالسا قاتتىق بىر تەرەپ قىلىناتتى. بىر سوۋېتلىك بۇرۇلچىك خىزمەتتە بۇيرۇققا رىئايە قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى خىزمەتتىن توختىتىپ، كېيىن تېغىغا بېرىپ پاتقاق قېزىشقا ئەۋەتتى. ئۇ چاغدا يەنە بەش مىنۇت كېچىكسە تەنبىھ چۈشۈرمەسلىكنى بەلگىلىگەن ئىدى. شۇ چاغدا ماشى-

نا ئاز بولغانلىقتىن، ھەممىمىز ئىشقا پىيادە باراتتۇق، مەيلى ئۈچ ياكى بەش چاقىرىم كەلسۇن ھەممىمىز ئىككى پۇتىمىزغا تايىنىپ مېڭىپ باراتتۇق. بىز ئىشقا چىققاندىن سىرت يەنە پارتىيە، ئىتتىپاق، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئىچىدە ھەر خىل ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئېلىپ بىر مۇنچە ئىجتىمائى خىزمەتلەرنى ئىشلەيتتۇق. قاتتىق سوغاق قىش پەسىللىرىدە كېچىكىپ قېلىشتىن قورقۇپ، پىيما، جۇ-ۋىلارنى كىيىپ قۇدۇق بېشىغا بېرىپ ئۇخلايتتۇق. پىرېۋېنتىر تۇتقۇچىنىڭ ئاستى بىزنىڭ داۋاملىق ئۇخلايدىغان يېرىمىز ئىدى. چۈنكى ئىسسىقنى تاپشۇرۇپ بېرىش، تاپشۇرۇپ ئې-لىشنىڭ بىرىنچى تەرتىپى پىرېۋېنتىرنى تەكشۈرۈش ئىدى، شۇڭا ئويغىنالمىساق كۆپچىلىك ئويغۇتۇپ قويۇپ كېچىكىپ قالمايتتۇق. پىرېۋېنتىر تۇتقۇچىنىڭ ئاستىدا ئۇخلاش ناھا-يىتى تەس ئىدى، نۆلدىن تۆۋەن 30C° چاغلاردا جۇۋا نا-ھايىتى قىسقا بولغاچقا بەدەننى تولۇق ياپقىلى بولمايتتى. بىز سوغاق دەستىدىن چاقىلداپ تىترەپ، "قولۇلە" دەك تۈگۈلۈپ ياتاتتۇق، ئويغانغاندىن كېيىن، پۇت - قوللىرى-مىز سىقىراپ، بەللىرىمىز تېلىپ ئاغرىيتتى. شۇ چاغدا رەھبەرلىرىنىڭ بىزگە قويغان تەلىپى ناھايىتى قاتتىق بولغاچقا، بىز دەسلەپتە بۇرغۇلاش ئەترىتىگە بارغان چېغى-مىزدا، بۇرغۇلاش سەھنىسىگىمۇ چىقارمايتتى. ھەر كۈنى بىزگە سېغىزلىق ئېرىتمە نورىدىن قۇم سۈزۈش، سۋىچ ئۇ-لاش (ئۇ چاغدا قىزىتىپ ئۇلاش تۇرۇبا بازىسى يوق) ئىستانوكنى سۈرتۈپ يۇيۇپ تازىلاش، سالدول قاچىلاش، "قېيىق ھەيدەش" لەرنى قىلدۇراتتى. "قېيىق ھەيدەش" دېگىنىمىز بارىت سېلىنغان سېغىزلىق ئېرىتمىنى ئىشلەشتۇ-

روش ئىدى. بارىتقا قوشقان سىغىزلىق ئېرىتمە، تىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن سوۋىتلىك ئۇستىلار بىزگە پالاقتا ئوخشاش ياغاچ كالتەكلەرنى تۇتقۇزۇپ سىغىزلىق ئېرىتمە كۆلچىكى ئىچىدە توختاتماي ئەلەشتۈرگۈزەتتى. بۇ ئىش ئېغىر بولغاچقا ھەممىمىز ئۇنى "قېيىق ھەيدەش" دەپ ئاتايتتۇق. بىزنى بۇرغا سەھنىسىگە چىقارماسلىقىغا قاراپ، كۆڭلىمىزدە: 16 يىل ئوقۇپ، جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق ئالى مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرسەك، بۇرغا سەھنىسىگىمۇ چىقارغۇزماي، ھەر كۈنى قۇم سۈزۈش، "قېيىق ھەيدەش" سالىدول قاچىلاش، مەدىكارچىلىقلا قىلساق، ئالى ماتېماتىكا ئۆگەنگەنىنىڭ نىمە پايدىسى بار؟ بۇ يەردە ھەتتا قوشۇش بەلگىسىنىمۇ ئىشلەتكىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ دىگەندەك ئىدىيىمدىن ئۆتمەيدىغان كەيپىياتلار بولغان ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇمۇ پەقەت كىچىككىنە كەيپىياتلا بولۇپ، ھەركەتتە، ھەممىدە پارتىيىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىشلەش، ھەممىدە تەشكىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىشلەش — مانا بۇ قىلچىمۇ تەۋرەنمەيدىغان ئىرادىمىز ئىدى. يوقۇرىنىڭ بىزگە بولغان سىنىقى داۋاملىق قاتتىق ئىدى. بىر قېتىم، ماستېر تۇيۇقسىز مېنى چاقىرىپ كېلىپ، تېپىپ كەلگەن بىر نەچچە بۆلەك كېرەكسىز زەنجىرنى چاراق قىلىپ يەرگە تاشلاپ، مېنى بىر بۆلەك - بىر بۆلەكتىن جۈپلەتكۈزدى، بۇ ئىش ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس، بىراق سىز ئەستايىدىل قىلمىسىڭىز يەنە بولمايتتى.

ئۇ چاغدا ئىش كۆپ، تۇرمۇش جاپالىق ئىدى. شۇ چاغدىكى ئۈچ ئىسمىنا ئالتە كۈندە بىر ئايلىنىپ، ئۇيقا ـ ئۇيقا، تاماق ـ تاماق بولمايتتى. بۇرغۇلاش ئەترەتلىرىدە

چۈشلۈك تاماق يېيىش تۈزۈمى يوق بولغاچقا سەككىز سا-
ئەت باشتىن ئاخىر تاقەت قىلىپ تۇراتتۇق. قوساق ئاچ-
سىمۇ ئامال يوق ئىدى. ئۇسسىساق سوغاق سۇ ئىچەتتۇق.
بۇرغۇلاش ئەتىرەتلىرىدە قايناقسۇ بولمىغاچقا، سوۋېت-
مۇتەخەسسىسلىرىدىن تارتىپ ھەممىمىز سوغاق سۇ ئىچەتتۇق.
ئىشتىن چۈشكەندە ئاپىرىپ قويىدىغان ماشىنا نەدە بولسۇن،
ھەممىمىز پىيادە ماڭاتتۇق، بەزى چاغلاردا، شۇ ماشىنىسى،
تىراكتورلارغا ئېسىلىپ چىقالىساق تەلەيلىك
بولدۇق دەپ ھېساپلايتتۇق. تىراكتورلار ماڭغاندا توپا
بەك چىقاتتى. بىز چىقىپ قويغان يەردە تۇرۇۋالغاچقا،
راسا توپا يەيتتۇق، چۈشكەندىن كېيىن ھەممىمىز ساپ-
سېرىق توپا ئادەمگە ئوخشاپ قالاتتۇق. بىراق مۇشۇنداق
بولسىمۇ، بىز يەنە ناھايىتى خۇشال ئىدۇق. ئىشتىن
چۈشكەندىن كېيىن، بىز ھەممىمىز ناھايىتى ھېرىپ كې-
تەتتۇق. يەنە تۆت - بەش چاقىرىم يول يۈرىدىغان بولساق
ئۇنىڭ ئازابىنى تارتىپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. بىر قېتىم،
بىز بىر سامسۇۋول ماشىنىغا چىقىۋالدۇق. قىلىقسىز شوپۇر
خۇددى ئەخلەت تۆككەندەك بىزنى ئۆرۈپ تاشلىۋەتتى، پۈ-
تۈن بەدىنىمىز مەينەتچىلىكنىڭ دەستىدە ئادەم قارىغىلى
بولمايتتى. خۇددى بىز تيەنجىندە ئوقۇۋاتقان چېغى-
مىزدا، ناھايىتى نامرات ئوقۇغۇچىلار ئىدۇق، پەۋقۇلئاددە
شەھەر ئىچىگە بىرە - بىرە كىرىپ قايتىپ چىقىپ كېتەلمى-
گەن چېغىمىزدا، كىچىك ئاشخانىلارغا بېرىپ بىرەر ۋاخ
تاماق يېگەندە ئەڭ ئەرزان نېنىنىلا يەيتتۇق. شۇ
چاغدا بۇ ئاشخانىلاردا تاماق يەيدىغانلارنىڭ تولىسى جەمى-
يەتتىكى تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر بولۇپ، بەزىلىرى يۈك يۆت-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

كەش - چۈشۈرۈش ئىشچىلىرى، يەنە بەزىلىرى ئۈچ چاقلىق هارۋا سۆرەيدىغان كىراكەشلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىيىم كېچەكلىرى، يۈز - قوللىرى كىر بولۇپ كەتكەن. قىش كۈنلىرى بولسا سوغاقنىڭ دەستىدىن ماڭقىلىرى ئېقىپ قالغان بولۇپ، كەلسە - كەلمەس يەرلەرگە مىشقىراتتى. بۇلارنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئېلىشىپ تاماقنىمۇ يېگىم كەلمەيتتى. هازىر بىزمۇ شۇلارغا ئوخشاش مەينەت بولۇپ كەتتۇق، پۈتۈن ئەزايىمىز ماي - لاي بولۇپ، قوللىرىمىز ئىككەككە ئوخشاپ قالغان ئىدى. بەزى چاغلاردا زەنجىر ئۇلاشقا يولۇقۇپ قالساق، قوللىرىمىزغا تۆمۈر قىرىندىلىرى سانجىلىپ قېلىپ، يۇيۇپمۇ چىقارغىلى بولمايتتى. ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئاشخانىغا بارغىچە قوساقنىڭ ئاچلىقىدىن قولنى يۇيۇشقا ئۈلگىرمەي، قولغا چىققىنىنى ئېلىپلا يەيتتۇق. بولكا يېگەندە ئانچە بايقالمايتتى، مومىنى يېيىش ئۈچۈن ئالغىنىمىزدا قاپ - قارا بەش قولنىڭ ئىزى چىقاتتى. قىش كۈنلىرى سوغاقنىڭ دەستىدىن ماڭقىلىرىمىز ئېقىپ قالاتتى. ماڭقىنى سۈرتسەك قولىمىزدىكى قاپ - قارا مايلار يۈزلىرىمىزگە يۇقۇپ قاپ - قارا قىلىۋەتسىمۇ، يۇيىۋەتمەي ياكى ئېيتىۋەتمەي تاماقنى يەۋېرەتتۇق. بۇ چاغدا مەن تېيەنجىندىكى ئاشخانىدا تاماق يەيدىغان يۆتكەش ئىشچىلىرى كىراكەشلەرنىمۇ بىزدەك مۇنداق مەينەت ئەمەستەك هېس قىلاتتىم.

مايتاغدا قىش كۈنلىرى قاتتىق سوغاق بولاتتى. بىر ئاز شامال ياكى قار يېغىپ قالسا، سوغاقنىڭ دەستىدە بۇرغا سەھنىسىدە تۇرغىلى بولمايتتى. نورمال بۇرغىلاۋاتقان چاغدا، بۇرۇلچەكلارنىڭ بەزىلىرى كېيىندىكى دالدا

جايلارغا كىرىۋالاتتى، بەزىلىرى ناسوسخانىغا كىرىپ، پاكى ئىسسىق جايلارغا بېرىپ بىردەم ئىسسىنىۋالاتتى. بىراق مەن بۇرۇلچىك بولغانلىقىم ئۈچۈن تورمۇز دەستىنى تۇتۇپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، بولۇپمۇ كەچتە، ئەتىراپ پۈتۈنلەي تاغ بولغاچقا، پەقەت بۇرغا ئىستانوكىنىڭ بىر خىل گۈلدۈرلىگەن ئاۋازىدىن باشقا ھېچنىمىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. بوران نەشتىرىنى سانچىپ، پۇتلىرىمىزغا پىيما كىيىۋالساقمۇ دالدا بولمايتتى. پۇت توڭلاپ تۇرالمايتتۇق، كېيىن بىر ئامال تېپىپ چىقتىم، پار تۇرۇبىسىنى تەخسە شەكلىدە يۆگەپ، ئۇنىڭ پار چىقىدىغان بېشىنى بۇرغا سەھنىسىنىڭ ئاستىغا قىستۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرساق بىر ئاز ياخشىراق بولدى. مانا مۇشۇ چاغدا مەن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدىم. شۇ چاغلاردا دۆلىتىمىزدە ئاران تۆت يۈز مىليون 500 مىڭ ئادەم بولۇپ، ئۇلار ئىسسىق يوتقان ئىچىدە تاتلىق ئۇخلاۋاتقاق بولسا بىز ئادەم ئاياغ باسمىغان چىگرا رايونىنىڭ چۆللىرىدە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، بوران چاپقۇنغا قارىماي ئىشلىسەكمۇ يەنە بىر ئاز جاپا چەككەندەك ھېس قىلماي، بەلكى بىر بۇرغۇلاش ئىشچىسى بولۇشنىڭ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ۋە قالتىس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتۇق.

ئىشچىلار ھەقىقەتەنمۇ ئالى جاناپ، پاك كىشىلەر، شۇ چاغلاردا خەنزۇ يولداشلار مايتاغدا ناھايىتى ئاز ئىدى. مەن ئەمدىلا بۇرغۇلاش ئەترىتىگە كەلگەن چېغىمدا، بىزنىڭ بەندە مەن بىرلا خەنزۇ ئىدىم. ئۇ چاغلاردا جۇڭگو سوۋېت نېفىت شىركىتىدە 2000 دىن كۆپرەك ئىشچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇچتىن بىر قىسمى سو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋېتلىكلەر، ئۈچىنچى ئىككى قىسمى شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلىرى ئىدى. خەنزۇ يولداشلار يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇ چاغلاردا دوكلاتلارنىڭ ھەممە- سىنى ئۇيغۇرچە ئاڭلايتتۇق. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا يىغىن ئېچىشتىن ئىلگىرى ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتاتتۇق. بىراق مەيلى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى بولسۇن، ياكى ئۇيغۇر يولداشلار بولسۇن ھەممىسىنىڭ ئىتتىپاقى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئازاد بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭ نېفىت سانائىتى- نىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشى، ئاساسەن ئۈچ تەرەپكە تايىنىلدى: بىرى پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى، شۇۋاقىتتىكى شىنجاڭ شۆبە ئىدارىسى، ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق پارت- كومى بىلەن باراۋەر بولۇپ كونكرېت رەھبىرى يولداش جاڭ يىگمىڭ ئىدى. شىنجاڭ نېفىت شىركىتىگە شىنجاڭ شۆبە ئىدارىسى بىلەن يولداش جاڭ يىگمىڭ بىۋاستە رەھبەرلىك قىلاتتى، ئىككىنچىسى جۇڭگو سوۋېتنىڭ دوستانىلىق سىيا- سىتى، يەنى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ كونكرېتنى ياردى- مى ئىدى، ئۈچىنچىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىدى. مەن بىلەن بىر بۇرغۇلاش ئەترىتىدە ئىشلەيدىغان ئۇستىلارنىڭ ھەممىسى مېنى ياخشى كۆرەتتى، خۇددى ئاكامغا ئوخشاش مېنىڭ ئۆگىنىش، خىزمەت، تۇرمۇشلىرىمغا كۆڭۈل بۆلۈپ، سەۋىرچانلىق بىلەن تېخنىكا ئۆگىتەتتى. خەتەرلىك، ئېغىر، پاسكىنا ئىشلارنى ئۇلار تالىشىپ ئىشلەيتتى. مەن بۇرغۇ- لاش ئەترىتىدە ئىشلىۋاتقان چېغىمدا، ھازىرقى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى روزى ئايۇپ، ئىلگىرى بۇرغۇلاش باشقارمىسى پارتكومىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسمايىللارغا ئوخشاش ناھايىتى كۆپ ياخشى

ئۇستىلىرىم بار ئىدى. مەن ئۇلاردىن نۇرغۇنلىغان قىممەت-
لىك دەرسلەرنى ئۆگىنىۋالغان ئىدىم. ئىشچىلار ئارىسىدى-
كى تۇرمۇش مېنى ھەقىقەتەن سىنىپىنىڭ مېھرىنى ھېس
قىلدۇرۇپ سىنىپى مېھرىۋانلىقتىن تەسىرلەندۈرۈپ، ماڭا
نېمىنىڭ سىنىپى مۇھەببەت، نېمىنىڭ سىنىپى دوستانىلىق،
نېمىنىڭ ئىشچىلار سىنىپى، نېمىنىڭ سىنىپى قېرىنداش
ئىكەنلىكىنى ھەقىقەتەن چۈشەندۈرۈپ بەردى. ھازىرغىچە،
مەن بىلەن بىللە ئىشلىگەن ئىشچى ئۇستىلارنىڭ ھەممىسى
ماڭا شۇنداق قىزغىن، يېقىملىق بولۇپ، بىرەرسىمۇ "جاڭ
شۈجى" "جاڭ جۈيجاڭ" دەپ چاقىرمايدۇ، يەنىلا "چايى"
"چايى" (جاڭ يى، جاڭ يى). "چا يى ياخشى تۇردۇڭمۇ"
(جاڭ يى ياخشى تۇردۇڭمۇ) دەپ چاقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە ئۇلارنىڭ نېمە ئىشى بولسا مېنى بىۋاستە ئىزدەيتتى.
مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدا ئاممىۋى تەشكىلات مېنى 3 –
زاۋۇتقا ئېلىپ چىقىپ "پىپەن" قىلغان چاغدا، چۈشلۈك
تاماق يەيدىغان يېرىم يوق ئىدى. شۇ چاغدىمۇ ئىلگىرى
مەن بىلەن بىللە بىر بۇرغۇلاش ئەترىتىدە ئىشلىگەن بىر
مىللى ئىشچى مېنى مىللى ئاشخانىغا ئېلىپ كىرىپ، بىر
قويىنىڭ بېشى بىلەن ئىككى پوشكال بىر چىنە چاي ئېلىپ
كېلىپ، "قورسىقىڭنى راسا تويغۇزغىن" دەپ، يەنە "چا يى،
يە، يەۋەگىن، ئۇلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، قورساقنى
تويغۇزۇپ ئىنقىلاب قىلىمىز" دېدى. مەن قولۇمدىكى ساپ-
سېرىق پوشكالغا چىنىدىكى ئىسسىق چايغا قاراپ، يۈرۈكۈمدىكى
مېھرى مۇھەببەتنى باسالماي قالدىم. ئىشچى، ئىشچىلار
دېگەن نېمە؟ مانا بۇ ئىشچى. سىنىپىي دوستلۇق دېگەن
نېمە؟ مانا بۇ سىنىپىي دوستلۇق. مەن ئىلگىرى بىللە ئىشلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گەن ھەر مىللەت ئىشچى يولداشلارنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن.
مايتاغدىكى بۇ تۇرمۇش، بولۇپمۇ بۇرۇلچىك بولغان
مەزگىلىمدىكى تۇرمۇش ماڭا ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇلغۇسىز.
بۇ تۇرمۇشنى ماڭا نىسبەتەن ئالاھىدە مۇھىم ئىككىنچى
ئالىي مەكتەپ دېيىشكىمۇ بولاتتى، بۇ تۇرمۇش — مېنىڭ
ئىدىيەۋى ھىياتىمدا بىر ئاساسى ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ،
ماڭا ھەقىقەتەن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۇلۇغ ئورنىنى چۈ-
شەندۈرۈپ بەردى. بۇ تۇرمۇش يەنىلا مېنىڭ تېخنىكىدا
ناھايىتى زور ئىلگىرىلەشكە ئىگە بولغانلىقىمنى كۆرسە-
تەتتى، ئالىي مەكتەپلەردە ناھايىتى ئەلا ئوقۇغان بولساقمۇ،
بۇرغۇلاش ئەترەتلىرىگە بارغاندا كۆرۈنىشتە شۇنچە ئاددى
كۆرۈنىمۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە ئىشلىگەندە ئىشلىگىلى
بولمايتتى. ئىشلەپچىقىرىشتا بولۇپمۇ بۇرغۇلاشتا، داۋاملىق
مۇرەككەپ مەسىلىلەر كۆرۈلۈپ تۇراتتى. ماڭا بۇلارنى كى-
تاپ دەپتەرلەردىن، مەكتەپلەردىن زادىلا ئۆگىنىش مۇمكىن
ئەمەس، بۇ بىلىملەرگە پەقەت ئەمەلىيەتكە قاتناشقاندىن
كېيىن ئىگە بولغىلى بولاتتى. مەكتەپتە نەچچە يىل ئوقۇ-
غان بىلەن، ئەمەلىيەتتە پەقەت بىر ئاز ئاساسقىلا ئىگە
بولدۇق. بۇنىڭ ئۆنۈمى بار - يوقلىقىغا كەلسەك، بۇنىڭدا
ئاساسەن ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا داۋاملىق ئۆ-
گىنىش نەتىجىمىزگە قاراش كېرەك دەپ ھېس قىلىمەن،
زىيالىلار ئەقلى ئەمگەكچىلەر، يەنىلا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ
بىر قىسمى، بىراق سىز بىرەر نىمە قىلماقچى بولسىڭىز، چو-
قۇم ئەمگەكچى خەلق بىلەن بىرلىشىشىڭىز كېرەك. بۇنىڭغا
دىققەت قىلمىسىڭىز، ئىشىڭىزنى يېپىپ قويۇپ ئۆي ئىچىدە
لۇقـۇل نەزىرىيىۋىلىك تەتقىق قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ، دەرس

ئۆتسىڭىزمۇ بولىدۇ يۇ. لېكىن نەق مەيدانغا ئىشچىلار بىلەن بىللە، ئىشلەپچىقىرىشقا يارىمايسىز، ئىشلىمەيدىگەن-لىكىڭىز ئۈچۈن ئىشچىلارنىڭ دەرت-ئەلەمىنى بىلمەيسىز-دە ئامەلدىن ئايرىلىپ قالىسىز. ھەر كۈنلۈك خىزمەتنىڭ ئۇنداق ئاددى ئەمەسلىكىنى بىلمەيسىزدە شۇنىڭ بىلەن ئەمەلىيەتتىنمۇ ئايرىلىپ قالىسىز.

**قارامايدىكى چېغىمدا —**

**جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش، بەلنى چىڭ باغلاش روھى كىشىلەر قەلبىنى جالالاندۇردى؛ تورنى كەڭ تاشلاپ، چوڭ بېلىق تۇتۇش فاڭجېنى توغرا بولۇپ، نېفىتلىكنىڭ چوڭ دەرۋازىسىنى ئېچىۋەتتى؛ ئىنتايىن «سول-چىل» لىق تەسىرىنىڭ ساۋىقى چوڭقۇر بولدى؛ شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئىشەنچىمىز يۈز ھەسسىلەپ ئاشتى.**

مەن بىرىنچى قېتىم قارامايغا كەلگەندە، قارامايدىكى بىرىنچى قۇدۇقنى ئەمدى بۇرغۇلاشقا باشلاپتىكەن. ئۇ چاغدا مەن مايتاغ كان ئىشلار ئىدارىسى ئىشلەپچىقى-رىش تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىدىم. مېنىڭ قارامايغا كېلىشىمدىكى سەۋەب، بىرىنچى قېتىم بىرىنچى دومۇرلۇق قۇدۇقنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، ئىككىنچىدىن گېئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بىللە شياۋ شىخۇ ۋە تۇز مازار جىلغىسىدىكى نېفىت ئالامەتلىرىنى كۆرۈش ئى-دى. ئىككىنچى قېتىم، ئىككىنچى نومۇرلۇق قۇدۇقنىڭ قۇدۇق فونتانلاش ھادىسىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا كەلگەن

ئىدىم. 1956 - يىلى 3 - ئايدا ئىككىنچى نومۇرلۇق قۇدۇقتا فونتانلاش يۈز بەرگەندە، مەن بېيجىڭغا مەجلىسكە كەتكەن ئىدىم. مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىككىنچى نومۇرلۇق قۇدۇقتا گەرچە پىرېۋىنتېر ئورنىتىپ قۇدۇق ئېغىزىنى كونترول قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا سۇ، گازلار ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى. مەن قايتىپ كېلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، بىر سوۋېت مۇتەخەسسىسى بىلەن قارامايغا ئىككىنچى قېتىم كېلىپ ھادىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولۇپ، نورمال بۇرغۇلاشنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق. بۇ قېتىمقى ھادىسىنى بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا مەن تۆتىنچى قېتىم "ۋاپات" بولۇپ كېتىشكە تاسلا قالغان ئىدىم. مەن نېفىت سانائىتىگە قاتنىشقاندىن بۇيان ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، تۆت قېتىم ئۆلۈمدىن قالدىم. بۇ تۆتىنچىسى ئىدى. ئىككىنچى نومۇرلۇق قۇدۇقنىڭ توڭلاپ قالغان نېك تۇرۇبىسىنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقان چاغدا، ئىككى كېچە كۈندۈز ئۇخلىماي ئىشلىگەچكە قاتتىق ھاردۇقلۇق يەتكەن ئىدى. ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە، باشقارما باشلىقى يولداش ما جىشاڭ ماشىنا ئەۋەتىپ مېنى ياغاچ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، بىر ئىككى رومكىدىن شىفىنىڭ ھارىقى ئىچىپ، بىر ئاز بولكا بىلەن قېزا يېدىم، تاماقتىن كېيىن بىر ئاز دەم ئېلىپ ئىشقا چىقتىم، سوۋېتلىك مۇتەخەسسىس مىخايلوۋ ئۇ يەردە قولىغا لومنى ئېلىپ نېك تۇرۇبىنى كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇ تازا ئۇرۇۋاتقان چېغىدا تۇيۇقسىز نېك تۇرۇبا ئۈستىدىكى بېكىتىلگەن مۇھىم قىسقۇچ سۇنۇپ كەتتى.

مەلمۇ ھاراقنى ئىچىپلا چىققاشقا باشلىدىم بىر ئاز
قېيىپ تۇراتتى (ئىككى كېچە - كۈندۈز ئۇخلىمىغاچ)
تۇرۇبا كۆرۈنگىنىگە ئەمدىلا چىقىشىمغا تۇرۇبا مەن تەرەپ-
كە يۇمىلاپ كېلىۋاتاتتى. مەن بايقاپلا، ئويلاشقىمۇ
ئۈلگۈرەلمەي ھېچنەرسىگە قارىماستىن بىردىنلا ئۆزەمنى
تۇرۇبا كۆرۈنمىگەن بىر تەرەپكە ئاتتىم، مەن يەرگە
چۈشۈش بىلەن تەڭ 20 نەچچە مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى
تۇرۇبىمۇ بايىقى مەن تۇرغان يەرگە چۈشۈپ ئوتتۇرىدىن
ئىككى پارچە بولدى. بۇ خەتەرلىك ئەھۋالنى كۆرگەن،
شۇ چاغدا ئىككىنچى نومۇرلۇق قۇدۇقنى مۇستەھكەملەش-
كە قاتنىشىۋاتقان ئىشچىلار ھەممىسى قورقىنىدىن
تىللىرىنى چىقىرىشىپ كەتتى.

مېنىڭ رەسمىي قارامايغا يۆتكىلىپ كەلگەن چېغىم
1956 - يىلى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى بولۇپ، قاراماي
كان ئىشلار ئىدارىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى بىر كۈنى
كېچىسى ئىدى. ئەسلىدە كان ئىشلار ئىدارىسى قۇرۇ-
لۇشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن، مەن يۆتكىلىش بۇيرۇق
خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدىم. بىراق مايتاغدىكى
62 - نومۇرلۇق قۇدۇقنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن مۇرەككەپ
بولۇپ 2.25 لىك سېلىشتۇرما ئېغىرلىقتىكى سېغىزلىق ئې-
رىتمىسىنى ئىشلەتكەن تەقدىردىمۇ قۇدۇق يەنىلا گۇمۇرۇ-
لۇپ قۇدۇقنىڭ ئوتتۇرا تۆۋەن قىسىملىرىدا يەنە 14°
لۇق قۇدۇق جەينىكى بولغاچقا قۇدۇق پۈتتۈرۈش مەشغۇ-
لاتى ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. ياخشى ئىشلەن-
مىسە پۈتۈن قۇدۇق كېرەكتىن چىقاتتى. ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى
ئادا قىلىش ئۈچۈن چوقۇم بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن

كېيىن كېتىشكە توغرا كەلدى، شۇڭلاشقا 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تاڭ سەھەرگىچە قۇدۇقنى مۇستەھكەملەپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن خىزمەتلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىپ قارامايغا كەلدىم. ئۇ چاغدىكى قاراماي يەنىلا بىر ئىپتىدائى چۆل جاي بولۇپ، بىر نەچچە ۋىشكا بار ئىدى. كونا قاراماي (قاراماي تاغ) تەرەپتە، ئۈچ قۇرلا ياغاچ ئۆي بار بولۇپ، بىرى يولداش ما جىشاڭنىڭ ئىش بېجىرىش بۆلۈمى، قوشۇمچە مەجلىسخانا بىلەن ياتاق ئىدى. ئىككىنچىسى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مېھمانخانىسى قوشۇمچە ئاشخانا ئىدى. ئۈچىنچىسى خەۋەرلىشىش باش ئاپپارات ئۆيى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا بىر نەچچە گەمە بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەن چېدىر ئۆيلەر ئىدى. مەنمۇ كەلگەندە گەمىدە ياتتىم. گەمەنى قاتتىق سوغاقتا قازغان بولۇپ، ئىچىنى قومۇش بىلەن بۆلۈپ، قومۇش ئۈستىگە لاي سۇۋىغان بولۇپ ناھايىتى ئاددى ئىدى. ھاۋا سوغاق كۈنلىرى ئوت ياقساق ئوت تۇتۇشۇش بىلەنلا ئىس يېنىپ، گەمە ئىچىنى ئىس ـ تۈتەك قاپلاپ ئادەم چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى. بىر ئاز كۆيگەندىن كېيىن گەمە ئىچى ئىسسىپ تاملاردىن سۇ ئېقىشقا باشلايتتى. ئىشتىن چۈشۈپ قۇدۇقتىن قايتىپ كەلگىچە ئېقىپ چۈشكەن سۇ سوغاقتىن يەنە قېتىپ قېلىپ بىر قاتار مۇز تۈۋرۈكلىرى شەكىللىنىپ "سۇ كىرىستال سارىيىغا" ئايلىنىپ قالاتتى. كېچىدە ئۇخلىغان چاغدا مۇز تۈۋرۈكلىرى ئېرىپ بۇ يەرنى يەنە "سۇ پەردىلىك ئۆڭكۈرگە" ئايلاندۇراتتى. مۇشۇنداق بولسىمۇ ھەر بىر گەمىدە 40 — 50 دىن ئادەم ياتاتتۇق، ئۇ چاغلاردا سۇ بەك قىس بولغاچقا يۈز يۇيۇشقا، پۇت يۇيۇشقا،

چىش چوتكىلاشقا پۈتۈنلەي كىردۈسىزلىكتىن ئارىلاشقان سۇدىن ئىشلىتەتتۇق، بۇنىڭ پۇرىقى ناھايىتى سېسىق ئىدى. شۇنداقتىمۇ دائىم ئىشلىتىۋەرگەچكە ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالدۇق، 1956 - يىلى 3 - ئاي يەنە بىر ئاز ياخشى بولدى، شۇ يىلى بەك سوغاق بولۇپ، قار ناھايىتى قېلىن ياققان بولغاچقا بىز قار ئېرىتىپ يۈزىمىزنى يۇيۇپ، چىشلىرىمىزنى چوتكىلايتتۇق. سۇ ئىچىشكىمۇ ئوخشاشلا، بىر ئاز قار ئەكىلىپ ئۇنى چوگۈننىڭ ئىچىگە سېلىپ ئېرىتساق، سۇ ئەڭ ئېسىل سۇ بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆكتات ناھايىتى قىس ئىدى. داۋاملىق پىنتوزا بىلەن خەيدەيىنى قورۇپ بەرگەچكە نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ چىشىنىڭ تۈۋىدىن قان چىقىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

قاتتىق بوران قارامايى نېفىت ئىشچىلىرىغا نىسبەتەن يەنە بىر سىناق بولدى. كان ئىشلار ئىدارىسى قۇرۇلغان كۈنى كەچتە 12 بال بوران چىققان ئىدى. ئۇ چاغدا قاراماي'غا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر يۆتكىلىپ كەلگەن بولۇپ ئۇلارغا گەمە يېتىشمەي چېدىرلاردا ياتقان ئىدى. بۇ بوران چېدىرلارنى يىرتىپ پارچە - پارچە قىلىۋەتتى. قىزىل تاغ تەرەپتىكى بىر قانچە بۇرغۇلاش ئەترەتلىرى بار ئىدى. ئۇلار قۇدۇق بېشىدىن قايتىپ كەلسە ئۇلار-نىڭ چېدىر، يوتقان - كۆرپىلىرىنى پۈتۈنلەي بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەن ئىدى. 11 - ئايغا كەلگەندە بىز ھازىرقى قارامايىنىڭ ئىككىنچى ئاشخانا ئەترابىدىكى 42 - كورپۇسىغا كۆچۈپ كەلدۇق، كۆچۈپ كەلگەن كۈنى كەچتە يەنە 12 بال بوران چىقىپ، بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدىكى دېرىزىسى بوران تەرەپكە قارايدىغان كورپۇسنىڭ دېرىز-

دىننىڭ ئەينىگىنى پۈتۈنلەي چېقىۋەتكەن ئىدى. بىزنىڭ بۆلۈمىدىكى تېخنىك شېن چىمەن قورقىنىدىن يالاڭئاياق، ئاسما مايكا كۆسار بىلەن مېنىڭ ياتىقىمغا قېچىپ كىرىۋالغان ئىدى. (مېنىڭ ياتىقىم شامالغا دالدا بىر تەرەپتىكى بىر ئېغىز كىچىك ئاشخانا ئۆي).
بۇ قېتىمقى بوران نېفىتلىك ئىشلەپچىقىرىشقا نۇرغۇنلىغان زىيانلارنى سالدى. ئۇچاغدىكى ۋىشكا شوتىلىرى ياغاچ بولغاچقا جۇڭگۇەيدىكى بىر بۇرغۇلاش ئەترىتىنىڭ شوتىسىنى 5 — 6 كىلومېتىر يەرگە ئۇچۇرىۋەتكەن ئىدى. ھەممە بۇ بوران 2000 دىن كۆپ ئىشچىنى ماكانسىز قالدۇردى.
مانا 11 - ئاي كىرىپ، ھاۋا قاتتىق سوغاق بولۇشقا باشلىدى. ئامال بولمىغاچقا، كۆپچىلىك ئۆز ئارا قىستىلىشىپ يېتىشىپ ئۇخلايتتى. ھەممە سوۋېتلىك مەسلىھەت-چىنىڭ ئىش بېجىرىش بۆلۈمىنىڭ يەرلىرىمۇ ئادەمگە تولۇپ كەتكەن ئىدى. قاراماي نېفىتلىكىنى ئۆزلەشتۈ-رۈشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ياتاي دېسە ياتىدىغان يەر يوق، يەي دېسە يەيدىغان كۆكتات يوق، ئىچەي دېسە ئىچكىدەك سۇ يوق بولۇپ، ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاددى تۇرمۇش شارائىتىمۇ يوق دېيىشكە بولاتتى. بىراق مۇشۇنداق جاپا - مۇشەققەتلىك شارائىتتا بىرەر يولداشمۇ قاراماي قىيىنچىلىقتىن بولماي قالدى، تېزىرەك كېتەيلى دېمىگەن ئىدى. يەنە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر گېدروسۇلغىد سۇلىرىنى ئىچىپ ئىچى سۈرۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بىرەر كۈن خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئىدى. كۆپچىلىك بىر نىيەت بىر مەقسەت-تە ئىشلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا

كۆپلەپ تۆھپە قوشتى. خەلق گېزىتىدە چاقىرىق قىلىش بىلەنلا سىچۇەن، خۇنەن، شاڭخەي قاتارلىق مەملىكەت-نىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ياش قىز - ئوغۇللار بەس - بەس بىلەن قاراماي‌غا كەلدى. ھەربىلىكتىن كەسىپ ئالماشقان جەڭچىلەرمۇ تۈركۈم - تۈركۈملەپ قاراماي‌غا كەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى قاراماي‌غا ياردەم بېرىشكە پۈتۈن كۈچنى سەرىپ قىلدى. تاش يول ياساش ۋە كان رايونلىرى-نىڭ قۇرۇلۇشلىرىنى، پۈتۈنلەي ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنلىرى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. شۇ چاغدىكى قاراماينىڭ ھەممە يېرىدە قايناق - تاشقىنلىققا چۆمگەن سوتسىيالىزم ئۈچۈن قاتتىق ئىشلەيدىغان مەنزىرىنى كۆرگىلى بولاتتى.

نېفىتلىكنى چارلاشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بىرىن-چى قۇدۇقتىن نېفىت قونتانلاپ چىققاندىن كېيىن، نېفىتلىككە قانداق باھا بېرىش توغرىسىدا مۇنازىرە تۇغۇلدى، بىر خىل پىكىردىكىلەر قاراماي‌دىكى نېفىت قاتلىمى بىر قانچە مۇستەقىل كىچىك تۈزۈلمىدىنلا ئىبارەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ قىسمىدىكى تەبىئى نېفىت قاراماي تاغدىكى كۆزدە ئېقىپ چىقىپ، پەقەت بىر ئاز قالدۇق نېفىت قالغان، شۇڭا ئاز ساندىكى كىچىك تىپتىكى بۇرغا ستانوكى بىلەن قېزىپ چارلىساق كۇپايە قىلىدۇ دەپ قاراشتى. چۈنكى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى سوۋېت مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ئاساسى مەسئۇلى بۇ كۆز قاراشتا بولغانلىقتىن بۇ خىل پىكىر ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىدى. يەنە بىر خىل پىكىردىكىلەر

پۈتۈن قاراماي بىر چوڭ مونىكلىنال بەلۈغى، ھەم نېفىت بار رايون. بۇ يەرگە يىتەرلىك مىقداردىكى چوڭ بورغۇلاش ستانوكىنى ئېلىپ كېلىپ كەڭ كۆلەمدە بۇرغۇلاپ - چارلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك دەپ قاراشتى.

1956 - يىلى 3 - ئايدا، شۇ چاغدىكى نېفىت مىنىستىرلىگى مىنىستىرىنىڭ يارەدەمچىسى يولداش كاڭ شىئېن سوۋېت گېئولوگىيە مۇتەخەسسىسى ئەندېلوك قاتناشقان 20 دىن ئارتۇق كىشىدىن تەشكىل تاپقان خىزمەت گۇرۇپپىسىنى قارامايغا ئېلىپ كېلىپ نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. خىزمەت گۇرۇپپىسى قاراماي، جەرەنبۇلاق، ئاقبۇلاق، ئورقۇ قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇرۇمچىگە قايتىپ بېرىپ يىغىن ئاچتى. شۇ چاغدا كاڭ شىئېننىڭ كۆز قارىشى ئەندىلوكنىڭ كۆز قارىشى بىلەن بىردەك بولۇپ، قارامايىنى بىر چوڭ مونىكلىنال، بۇ مونىكلىنالدا چوقۇم نېفىت بولۇشى كېرەك، ھېچ بولمىغاندا قىزىل تاغدىن ئورقۇغىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىستىراكتورا بەلۈغى دەپ مۇئامىلە قىلىش كېرەك دەپ قارىدى. كەسكىن مۇنازىرىلىشىش ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىردا "تورنى كەڭ تاشلاپ، چوڭ بىلىق تۇتۇش" تىن ئىبارەت فاڭجېننى تۈزۈپ چىقتى. ئەمەلىيەت بۇ فاڭجېننىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شۇ چاغدا بۇ فاڭجېننىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن جەنۇبى قاراماي تاغ بىلەن شىمالى قاراماي تاغ ئوتتۇرلىغىدا بىر قۇدۇق قازغان ئىدى. بۇ بىر قىسمەن ئويمانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ساقلانغان ئارقا كۆرۈنۈشى ياكى ئاساسى يەنىلا نىسبىي ئېگىز-

ىمكىتىدىكى چوڭ مۇنىكلىنال بەلۇنغى ئىدى، لېكىن ئالدىنقى
بىر خىل كۆز قاراشقا ئاساسەن بۇنداق تۆۋەن ئويمان-
لىقلاردا چوقۇم نېفىت بولماسلىق كېرەك ئىدى. بىراق
قېزىشىمىزغىلا نېفىت چىقتى. بىز ئۇلاپلا سەككىز چوڭ
كەسمە يۈز ئورۇنلاشتۇردۇق. بۇ سەككىز كەسمە يۈزگە
تۇتۇش قىلىش بىلەنلا، قېزىلغانلا قۇدۇقتىن نېفىت چىقىشقا
باشلىدى. ئالدى بىلەن مايتاغ كان ئىشلار ئىدارىسى
قارامايىنى بىر مۇھىم نۇقتا قىلىپ، 1956 - يىلى 3 -
ئايدا قاراماي بۇرغۇلاپ - چارلاش دادۇيى قۇرۇلۇپ
ئۇنىڭغا مايتاغ كان ئىشلار ئىدارىسىنىڭ بۇرغۇلاش
باشقارمىسى رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى. 1956 - يىل
5 - ئايدا قاراماي بۇرغۇلاپ - چارلاش باشقارمىسى
قۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا مايتاغ كان ئىشلار ئىدارىسى رەھبەر-
لىك قىلدى، باشقارما باشلىقلىقىنى چىن فېڭ قوشۇمچە
ئۈستىگە ئالدى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ماجىشىڭ
بولغان ئىدى. 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قاراماي كان
ئىشلار ئىدارىسى قۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا باشقۇرۇش ئىدارىسى
بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن
قارامايىنىڭ ۋەزىيىتى كىشىنى خوشال قىلارلىق تېز سۈرئەت
بىلەن راۋاجلاندى. خەلق گېزىتى باش ماقالا ئېلان
قىلىپ، شىنخۇاشى ئاگېنتلىقى خەۋەرلەرنى تارقىتىپ،
پارتىيە مەركىزى كومىتېتى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى خە-
لىققە قاراماي نېفىتلىكىنىڭ بۇرغۇلاپ - چارلاش
نەتىجىسىنى دوكلات قىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن پۈتۈن
مەملىكەت خەلقىنى قارامايغا ياردەم بېرىشكە چاقىردى.
پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقىدا پۈتۈن مەملىكەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىدە، ئاپتونوم رايون بىلەن نېفىت مىنىستىرلىكىنىڭ كونكرېتنى رەھبەرلىكىدە قاراماي نېفىتلىكىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى گىدروسۇلغىد سۈيى ئىچىپ يۈرۈپ، ئىرىشچانلىق - جاپالىق بىلەن ئىگىلىك يارىتىپ، ناھايىتى تېز سۈرئەتتە بۇ نېفىتلىكنى قولغا كەلتۈردى. 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، قىزىل تاغ، جەرەنبۇلاق، ئاقبۇلاق، ئورقۇ قاتارلىق يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە نېفىت تېپىلدى. نېفىتلىكنىڭ پۈتۈن ئېزنالىرى كىشىلەر ئالدىدا نامايان بولدى. 1957 - يىلى يولداش خۇيىاۋباڭ قاراماينى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدا، نېفىتلىكنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 70 مىڭ تونىغا يەتكەن ئىدى. شۇ چاغقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شىنجاڭ تارىخىدىكى ئەڭ يۇقىرى مەھسۇلات مىقدارى ئىدى.

قاراماي نېفىتلىكى 1955 - يىلى باشلىنىپ، 1958 - يىلغا كەلگەندە كەڭ كۆلەمدە ئۆزلەشتۈرۈشكە كىرىشتۈرۈلۈپ راۋاجلىنىشى ناھايىتى تېز بولدى. لېكىن بىر مۇنچە مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلگەن ئىدى. ئاساسلىغى نېفىتلىكنى ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، بىز ئالدىراپ قۇدۇق قېزىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، نېفىتلىكنى ئىچىش ۋە ياخشى باشقۇرۇشتا تەجرىبە بولمىغانلىقتىن ئىككىنچى ئوتتۇرا رايون نېفىتلىكىنى ئۆزلەشتۈرۈش، بىرىنچى رايون نېفىتلىكىنى ئېچىش ئۆزلەشتۈرۈش، شەرقى يەتتىنچى رايوت نېفىتلىكىنى ئۆزلەشتۈرۈش لايىھەلىرىنى موسكىۋا نېفىتلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىلمىي تەتقىقات مەھكىمىسى ئىشلىگەن ئىدى. ئۇلار بىزنىڭ نېفىت قاتلاملىرىمىزنى

بىردەرسلىك كىتابىنىڭ ئۈستىگە ئوخشاش بىر پارچە تەگپۈك مادىدىلىق چوك پۈتۈن قاتلام دەپ قاراپ، ئاددى تۈز سىزىق سىزىپ لىنىيىلار بويىچە قاتارسىغا سۇ بېرىش سېخېمىسىنى ئىشلىگەن ئىدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بولۇپمۇ بىرىنچى رايون، شەرقى يەتتىنچى رايون بەكمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغاچقا يەر ئاستىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ چىقتى، ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ نېفىت قاتلاملىرىمىز ئۇۋا شەكلىدە توپلانغان ھالەتتە ئىدى. 60 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، نېفىت كارخانىلىرى داچىڭدىن ئۆگىنىشنى باشلىۋەتتۇق. داچىڭ تەجرىبىلىرىنىڭ ئىلھام بېرىشى ئاستىدا، "ئىككى ئەسەر بىلەن ئىگىلىك يارىتىپ" نېفىتلىكنى يېڭىۋاشتىن بىلىشكە بەل باغلىدۇق. شۇ چاغدا بىز 100 دىن كۆپرەك ماتېرىيال ئېلىش قۇدۇغى قېزىپ ئون مىڭ مېتىردىن كۆپرەك كېرىن ئالدۇق. نېفىتلىكنى ئېنىق تونۇغاندىن كېيىن، 1963 - يىلى تەييارلىنىپ، 1964 - يىلى نېفىتلىكنى تەگشەش بىرلەشمە جېڭىنى تەشكىللىدۇق، قاراماي نېفىتلىكىنىڭ يەر ئاستى ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ قاتارسىغا بۆلۈپ سۇ بېرىشتىن، كۆلەملەر بويىچە سۇ بېرىشكە (1 - رايوندا). ياي سىزىقلىق قاتارسىغا بۆلۈپ سۇ بېرىشكە (شەرقى يەتتىنچى رايوندا)، قاتارسىغا نۇقتىلىرىنى قوشۇش ھالىتىدە سۇ بېرىشكە ئۆزگەرتتۇق (ئىككىنچى ئوتتۇرا رايوندا). شۇنىڭدىن باشلاپ، قاراماي نېفىتلىكىنى ئۆزلەشتۈرۈش لايىھەسىنى پۈتۈنلەي بىز ئۆزىمىز قىلىدىغان بولدۇق. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىزنىڭ لايىھەلەش سۈپىتىمىز سوۋېتلىكلەرنىڭكى-

دىنمۇ ياخشى بولدى.

نېفىتلىكنى تەكشۈرۈش بىرلەشمە جېكى قىينچىلىق مەۋ-
كىلىدە ئېلىپ بېرىلدى. قاراماي نېفىتلىكىنىڭ ئۆزلەش-
تۈرۈلىشى باشتىن ـ ئاخىر غىچە جاپالىق شارائىتتا
بولدى. بىرىنچىدىن قاراامايدا سۇ، ئوت ـ چۆپ يوق،
ھەتتا قۇشقاشلارمۇ ئۇچمايدىغان ناچار تەبىئى شارائىتتا
ئىدى. ئىككىنچىدىن نېفىتلىكنىڭ راۋاجلىنىشى تېز،
ئادەملەرنىڭ كۆپىيىشىمۇ تېز بولۇپ تۇرمۇش خىزمەت
شارائىتلىرى تېز راۋاجلىنىۋاتقان ۋەزىيەتكە ماس كېلەل-
مەي قالدى. شۇڭلا قارامايدىكى نېفىت ئىشچىلىرى
باشتىن ـ ئاخىر مۇشكۈل ئەھۋاللارغا قارشى كۆرەش
قىلدى. 50 ـ يىللارنى "تېرىشچانلىق بىلەن ئىگىلىك
يارىتىش" دەيتتۇق، ئۇ چاغدا مەيلى قانداق بولمىسۇن،
كۆپچىلىك قورسىقىغا تويغىدەك تاماق يىيەلەيتتى، 60 ـ
يىللارغا بارغاندا دۆلىتىمىز ئۈچ يىللىق تەبىئى
ئاپەتكە دۇچ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ خىزمەتتىكى
سەۋەنلىكىمىز تۈپەيلىدىن، قاراماي نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ
قىيىنچىلىقلىرى كۆپىيىپ، قورسىقى تويغۇدەك تاماقمۇ
يىيەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا ئىدارە
پارتكومى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تەن ـ سالامەتلىكىنى
ئاسىراش ئۈچۈن، كەچ سائەت 10 دا چوقۇم ئىشخانىدىن
كېتىشنى بەلگىلىگەن ئىدى. ئۇ چاغدا ئىشلىتىۋاتقىنىمىز
شىنجاڭ ۋاقتى بولۇپ، يەنى بېيجىڭ ۋاقتى 12 ئىدى.
ھەممە ئورگان پارتكومىدىكى رەھبىرى يولداشلار ئىشخا-
نىلارغا كىرىپ تەكشۈرەتتى. بىراق ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل
بىر قانچە تارماقتىكىلەر، ھەر قانچە تەكشۈرسىمۇ

يەنىلا كەچ سائەت ئىككىدە (يەنى بېيجىڭ ۋاقتى تۆتتە) ئاندىن قايتىپ بېرىپ ئۇخلايتتۇق. بولۇپمۇ چۈش ۋاقلىرى كىشىنى بەك بىتاپ قىينايتتى، چۈنكى ئەتىگىنى دىگىدەك تۈزۈك تاماق بولمىغاچقا بەزى كۈنلىرى بىرەر ئىككى تال ياڭيۇلا يەپ ئىشقا چىقىپ كەتكەچكە، چۈش بولغىچە ئۈرگەندىكى كادىرلارنىڭ قورساقلىرى ئېچىپ جوزا ئۈستىدە يېتىپ قالاتتى. مۇشۇنداق تۇرۇغلۇق بىرەر كىشىمۇ ئىش ئورۇنلىرىدىن كېتىپ قالمىغان ئىدى. خىزمەت ئالدىراش بولغانلىقى ئۈچۈن، مەن ھەر كۈنى ئەتىگەن سەھەر ئىشقا ماڭغاچقا، بالىلىرىم ئۇخلاۋاتقاچقا مېنى كۆرەلمەيتتى، كەچلىرى بەك كەچ قايتىپ كەلگەچكە بالىلىرىم ئۇخلاپ قېلىپ يەنە مېنى كۆرەلمەيتتى، بەزى چاغلاردا بىرەر ھەپتىگىچە بالىلىرىم بىلەن بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشالمايتتىم، بەزىدە بالىلىرىم ئاغرىپ قالسا، ئۇلارنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كۆرسىتىشكە ۋاقىت بولمىغاچقا، تولاراق يېرىم كېچىلىرى جىددى كېسەل بۆلۈمىگە ئاپىرىپ كۆرسىتەتتىم. 50 - يىللىرى، كىشىلەر كىدرۇسۇلغىد سۇيى ئىچىپ، ئىچلىرى ئاغرىپ يۈرسىمۇ ئىش ئورنىدىن قايتمايتتى. 60 - يىللاردا كىشىلەر ئاچلىقتىن جوزىلاردا يېتىپ قالغان بولسىمۇ قىلچە زارلانماي داۋاملىق خىزمەت قىلغان ئىدى، بىزنىڭ كادىرلىرىمىز ۋە ئىشچىلىرىمىز ناھايىتى ئۇلۇغ، ئۇلار جاپا چېكىشتىن قورقماي پارتىيە ئۈچۈن، دۆلىتىمىز ئۈچۈن ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئېلىپ، خەلق ئۈچۈن ناھايىتى ئوبدان خىزمەت قىلالىدى. كىشىلەر نىمە ئۈچۈن مۇنداق قىلالايدۇ؟ 50 — 60 - يىللىرى جۇڭگو

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نېفىت سانائىتى ئارقىدا قالغاچقا، چەتئەللىكلەر بىزنى نېفىتتە كەمبەغەل دېگەن ئىدى، شۇڭا كۆپچىلىك بۇ نېفىتتە كەمبەغەل، نېفىت سانائىتى قالاق دېگەن قالپاقنى ئېلىپ تاشلىۋېتىشكە بەل باغلىغان ئىدى. بولۇپمۇ سوۋېتلىكلەر خىزمەتنى تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، كۆپچىلىككە يەنە باشقىدىن كۈچ كىردى، بۇ بولسىمۇ: سەن بار چاغدا، بىز ياخشى ئىشلىگەن ئىدۇق، سەن كەتكەندىن كېيىن بىز تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيمىز دېگەنلىك ئىدى.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى 50 - يىللىرى بىز چاپالىق بىلەن ئىگىلىك يارىتىپ ياخشى ئىشلىدۇق، 60 - يىللىرى بەلنى چىڭ باغلاپ، چەتئەلنىڭ ھەسسىنى تاشلىۋېتىپ، ئۆزىمىزنىڭ سانائەت تەرەققىيات يولىدا مېڭىپ ناھايىتى چىرايلىق ئىشلىدۇق. مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىغىچە ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، قارامايىنىڭ خىزمىتى ساغلام ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇسكۇنىلەر جەھەتتىن ئېيتقاندا بىز چوڭ يېڭىلىقلارغا ئىگە بولالمىدۇق، بۇ دۆلىتىمىز سانائىتىنىڭ راۋاجلىنىشى مەسىلىسى بىلەن چەكلىنىدۇ. بىراق كارخانا باشقۇرۇشنى ئېلىپ ئېيتقاندا، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پارتىينىڭ رەھبەرلىكى، ئاممىۋى لۇشەن، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتەك بۇ بىر يۈرۈش جۇڭگو ئۆزىنىڭ سانائىتىنى تەرەققى قىلدۇرۇش يولىدا مېڭىش فاڭجېنى توغرا ئىدى. بىراق 50 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن 60 - يىللارغىچە، بىز خالى بولالمايدىغان "سول" چىللىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدۇق، ئوڭچىللارغا قارشى تۇرۇشتا، بىر قىسىم

ئوڭچىل ئەمەسلەرنىمۇ ئوڭچىل قىلىپ قويدى. ئۇ چاغلاردا زىيالىيلار بۇرژۇئازىيە سىنىپى ھېسابلىناتتى. ئىچىمىزدا نوقۇل تەركىبچىلىك قىلماسلىق دېيىلگەن بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە نوقۇل تەركىبچىلىك قىلىنغان ئىدى. يەنە بىز زىيالىيلارغا قارىتا "قەلبىنى تاپشۇرغۇزۇش"، "ئاق بايراقنى يۇلۇۋېتىش" دېگەنلىرى بار ئىدى. ئىنژېنېرلاردىن يۇقۇرى زىيالىيلارنى سەپكە تۇرغۇزۇپ، داقا - دۇمباق چالغۇزۇپ دوستلىق سارايغا مەجلىسكە ئېلىپ كېلىپ "قارا يۈرۈگىنى" ئېلىپ چىقىپ "قىزىل يۈرەككە" ئالماشتۇر دەپ ئۇلارنىڭ دىلىغا ئازار بەرگەن ئىدى. نۇرغۇنلىغان مېڭىسى ئۆتكۈر يولداشلارنى، تېخنىكا كادىرلىرىنى نېفىت ئىشچىلىرى قوشۇنلىرىدىن چەتكە قاقانلىقتىن ئىش ئورۇندىكى يولداشلار ئارتۇقچە ئېھتىياتچان قورقۇنچاق بولۇپ قېلىپ، رەھبەرلەر دېسە ئىشلەيدىغان، رەھبەرلەر دېمىسە ئىشلىمەيدىغان، ئىدىيىدە چەكلىنىپ قېلىشتەك ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەنە پولات - تۆمۈر تاۋلاش بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ بۇرغا ستانوكلىرىنى توختىتىپ "پولات تاۋلاش دېۋىزىيىسى" "پولات تاۋلاش تۈەنى"نى تەشكىللەپ تاش چاقتۇرۇپ، دوقوغا ئوخشاش داشقال تۆمۈرلەرنى تاۋلاتقان ئىدى. ھەتتە «نېفىتتە ئۆلگە تىكلەش پولات تاۋلاشتا قىزىل بايراق قاداش" شوئارىنىمۇ دېگۈزدى. كېيىن "ھەممە نەرسىنى ئېلىپ چىقىپ پولات تاۋلاش بىلەن شۇغۇللىنىشنى يولغا قويدى". ئۇ چاغدا شازىگەي، قىزىل بايراق توسمىسى، لۇلياڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە بۇرغۇلاش ئەترەتلىرى بېرىپ قۇدۇق قېزىۋاتقان ئىدۇق، ئۇنى يېرىم يولدا توختۇتۇپ قويۇپ،

www.uyghurkitap.com

پولات تاۋلاشقا كەلدۇق. بۇ رايونلارغا 30 - يىللارغا بارغاندا ئاندىن قۇدۇق قېزىش ئەسلىگە كېلىپ قايتىدىن ئارقا - ئارقىدىن ئاتلاندۇق، توپتوغرا 22 يىل تاشلىۋېتىلدى. بۇخىل "سول" چىللىقنىڭ تەسىرى مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىغىچە داۋاملاشتى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدىكى 10 يىل ئىچكى قالايمىقانچىلىقتا، "سول" چىللىقنىڭ تەسىرى چېكىگە يېتىپ، نېفىت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى گەرچە ئىشلەپچىقىرىشتا، ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر يىلى ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغان بولسىمۇ بىراق كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈمى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئىتتىلى قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. "سول" چىللىقنىڭ تەسىرى تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىۋاتقان قاراماي نېفىتلىكىگە زور دەرىجىدە توسالغۇ قىلغان بولۇپ، بۇ مەڭگۈ ئىبرەت ئالىدىغان ساۋاق بولۇپ قالدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمى يىغىنىدىن بۇيان، بولۇپمۇ 12 - قۇرۇلتايدىن بۇيان "سول" چىللىقنىڭ تەسىرىنى تازىلاپ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىنىڭ قالدۇرغان جاراھەتىنى داۋالاپ، زىيالىلار سىياسىتىنى ئەمەلىلەشتۈرۈپ، ئاپپاراتلارنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەمگەككە قاراپ ھەق بېرىشتەك سوتسىيالىزم پىرىنسىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، قاراماي نېفىتلىكىمىزنىڭ بىر قەدەر تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشقا ئىمكە قىلدى، قاراماي تارىخىنى، شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئەسلىگەندە، تەجرىبىلەرنىڭ قىممەتلىكلىكىنى، ساۋاقلارنىڭ چوڭقۇرلىقىنى ھېس قىلىمىز. تەجرىبىلەر بولسا 50 - يىللاردىكى تىرىشىپ چاپالىق

بىلەن ئىگىلىك يارىتىش روھى، 60 - يىللاردىكى بەلنى چىڭ باغلاپ ئىشلەش روھى ئىدى. مەملىكىتىمىز چوڭ مەملىكەت، ئىقتىسادتا بىر قاتار نارقىدا قالغان، شۇڭا ھەر قانداق ۋاقىتتا بۇ خىل تىرىشىپ چاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز كېرەك. ساۋاق بولسا "سول" چىل نەرسىلەرنىڭ كىشىلەر-گە قىلغان زىيىنى ئاز ئەمەس، ئۇنى چوقۇم قەتئىي تازىلاش كېرەك. تارىخنى ئەسلەپ، ھازىرقى ۋەزىيەتكە قارىغىنىمىزدا، مەن شۇنى ھېس قىلىمەنكى، بىزنىڭ ھازىرقى بۇ مەزگىلىمىز، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەڭ ياخشى مەزگىل بولدى. بۇ مەزگىل ئىچىدە، ھەقىقىي يوسۇندا قىلچىمۇ ئەندىشە قىلماستىن قەدەمىنى كەڭ تاشلاپ دادىللىق بىلەن ئىشلىشىمىز كېرەك. بىز پەقەت ھەقىقىي تۈردە سىياسىي، ئىدىيە، ھەركەت جەھەتلەردە پارتىيە مەركىزى كومىتېتى بىلەن بىردەك بولۇپ، 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە 12 - قۇرۇلتاي روھىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرساقلا، شىنجاڭ نېفىت سانائىتى چوقۇم تېز سۈرئەتتە تەرەققىيات تاپالايدۇ.

1983 - يىلى 12 - ئاي قاراماي

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىسمائىل قاسىم

# نېفىتلىكنىڭ ياشلىق باھارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىرلەشمە جېڭى

## — 60 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى قاراماي نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئەسلەش

ساۋ جىنكوي

### I

1955 - يىلى قاراماي نېفىتلىكىنىڭ بىرىنچى چارلاش قۇدۇقىدىن نېفىت چىقىپ، ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت چارلاش ۋە سىناق تەرىقىسىدە نېفىت ئېلىش ئارقىلىق 1958 - يىلدىن باشلاپ چارلاشنى كېڭەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چارلاپ ئېنىقلانغان 1 - ، 2 - ، 3 - رايون قاتارلىق بىر قانچە رايونلار ئارقا - ئارقىدىن ئۆزلەشتۈرۈشكە كىرىشتۈرۈلۈپ، نېفىتلىكتىن ئۇزۇن مۇددەت يۇقۇرى تۇراقلىق مەھسۇلات ئېلىش ئۈچۈن، سۇنئىي سۇ بېرىش ئېقىمىنى ساقلاپ قېلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. 1958 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە ئۆزلەشتۈرۈشكە كىرىشتۈرۈلگەن رايونلارنىڭ كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، تەبىئىي نېفىت مەھسۇلاتى زور دەرىجىدە ئاشتى: 1958 - يىلى 330 مىڭ توننا، 1959 - يىلى 980 مىڭ

تولنا نېفىت ئېلىندى. 1960 ـ يىلى نېفىت مەھسۇلاتى بىر مىليون 636 مىڭ تونىغا يېتىپ، خەلق ئىگىلىكى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇلدى.

لېكىن نېفىتلىك ئۆزلەشتۈرۈلۈشكە كىرىشتۈرۈلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي بىر نەچچە ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ ھەممىسىدە "ئىككى تۆۋەنلەش، بىر ئۆرلەش" ئەھۋالى يۈز بەردى، يەنى تاق قۇدۇقلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى، يەر قاتلاملىرىنىڭ بېسىمى تۆۋەنلەپ، نېفىتنىڭ گاز نىسپىتى ئۆرلەپ كېتىپ، نېفىتلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى تۇراقسىز بولدى. بىر قەدەر بالدۇر ئۆزلەشتۈرۈشكە كىرىشتۈرۈلگەن II ـ 2 ـ رايوننى ئېلىپ ئېيتساق 60 ـ يىلىنىڭ دەسلەپكى يېرىم يىلىدا تاق قۇدۇقلارنىڭ كۈندىلىك مەھسۇلات مىقدارى 15 توننىدىن 4.5 تونىغا، يەر قاتلىمىنىڭ بېسىمى 87 ئاتموسفېرا بېسىمىدىن 74 ئاتموسفېرا بېسىمىغا چۈشۈپ قالدى. نېفىت ـ گاز نىسپىتى 50 توننا/كۇب مېتىردىن 300 توننا/كۇب مېتىرغا ئۆرلەپ كەتتى. 1958 ـ يىلىدىن باشلاپ سىناق تەرقىسىدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، 1960 ـ يىلى 7 ـ ئايدا رەسمىي سۇ بېرىلىپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن 1 ـ رايوندىكى تاق قۇدۇقلارنىڭ ئوتتۇرىچە كۈندىلىك مەھسۇلات مىقدارى 1962 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا 8.5 توننىدىن 3.8 تونىغىچە تۆۋەنلەپ، نېفىت ـ گاز نىسپىتى ئۈچ ھەسسىدەك ئۆرلەپ كەتتى. پۈتۈن رايوننىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 459 مىڭ 600 توننىدىن 248 مىڭ 400 تونىغىچە تۆۋەنلىدى. ئەينى ۋاقىتتا گەرچە بۇرغۇلاش ۋە باشقا ساھەلەردىن زور تۈركۈمدىكى كادىرلار تېخنىكا خادىملىرىنى، تېخنىك ئىشچىلار يۆتكەپ كېلىنىپ، "نېفىت ئېلىش دۇيى، سۇ بېرىش

دۈيى، قۇدۇق رېمونت دۈيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۈي سۇ ئاققۇزۇش لىنىيىسى، نېفىت ئاققۇزۇش لىنىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى لىنىيە" كۆچەيتىلگەن، بەزى تەشكىلى تەدبىرلەر قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەھۋال تۈپتىن ئۆزگەرمىدى. پۈتۈن نېفىتلىكلەرنىڭ تەبىئىي نېفىت مەھسۇلات مىقدارى زور دەرىجىدە داۋاملىق تۆۋەنلەۋەردى؛ 1961 - يىلى 1960 - يىلىغا قارىغاندا مەھسۇلاتنىڭ 1/3 قىسمى تۆۋەنلەپ، يىللىق مەھسۇلات بىر مىليون 50 مىڭ توننىغا چۈشۈپ قالدى. 1962 - يىلى يەنە 855 مىڭ توننىغىچە تۆۋەنلەپ، ئەينى ۋاقىتتىكى «نېفىتلىكلەرنىڭ قىسمەن ناچارلىشىشى» دەپ ئاتالغان پاسسىپ ئەھۋال كېلىپ چىقتى.

مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بەزى ئۈمۈتسىزلەنگەن يولداشلار ھەسرەت چېكىپ، قاراماي نېفىتلىكلىرىنىڭ ياشلىق باھارى كەلمەسكە كەتتى دەپ قارىدى. يەنە بەزى كىشىلەر قاراماي نېفىتلىكلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ پايدىلىنىش پەقەت 20 يىلدىن ئاشمايدۇ دېگەن قاراشتا بولدى. نېفىتلىكلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بولغان كىشىلەرمۇ مۇشۇنداق ئېغىر رېئاللىق ئالدىدا قاتتىق ئەندىشىدە قالدى. ئەگەر نېفىتلىك راستىنلا ناچارلىشىدىغان بولسا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنى ئېغىر ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىتىپلا قالماستىن، سىياسىي جەھەتتىمۇ ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەرگە سۆز - چۆچەك تېپىلىپ بىزنىڭ چوڭ نېفىتلىكنى ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىمىز ھەقىقەتەنمۇ بولمىغاندەك بىلىنەتتى. نېفىت سانائەت مىنىستىرلىكىنىڭ رەھبەرلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى نېفىتلىكنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىزنىڭ 1959 - يىلىنىڭ ئاخىرقى يېرىم يىلىدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە ئىلمى

يوسۇندا نېفىت ئىشلەش قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىش-
تۇتىمىزلى چوڭايتىۋېتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىر تەرەپلى-
مىلىك بىلەن تەبىئى نېفىت مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇش-
نى قوغلاشقان خاتالىقىمىزنى تەنقىت قىلدى؛ بىزگە تەبىئى
نېفىت ئىشلەشتىكى "ئىش ئورنى يەر ئاستى بولۇش، كۆرەش
ئوبيېكتى نېفىت قاتلىمى بولۇش" كېرەك دەپ يوليورۇق
بەردى. بىزدىن ئىشنى نېفىت قاتلاملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى
تونۇشتىن باشلاپ، يەر ئاستىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى
ئاساس قىلىپ نېفىتلىكنى ئوبدان تەكشۈشنى تەلەپ قىلدى.
شۇنىڭ بىلەن نېفىتلىك پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە پۈتۈن
نېفىتلىكتىكى كادىرلار، ئىشچىلار، زىيالىيلار بىرنەچچە يىلغى-
چە داۋام قىلغان، نېفىت قاتلىمىنى تونۇش، نېفىت قاتلىمىنى
ئۆزگەرتىش نېفىتلىكنى تەكشۈش بىرلەشمە جېڭىگە پائال
كىرىشىپ كەتتى.

II

نېفىتلىكنى تەكشۈش خىزمىتى — نېفىتلىكنىڭ يېڭى
باشتىن تونۇشتىن باشلاندى.

قاراماي نېفىتلىكى ئازادلىقتىن كېيىنكى دۆلىتىمىز
تاپقان تۇنجى چوڭ نېفىتلىك بولۇپ، ئاساسەن چوڭ نېفىت-
لىكنى ئۆزلەشتۈرۈشتىكى تەجرىبە كەمچىل، ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئەينى ۋاقىتتىكى خىزمەت سەۋىيەسى، ئەسۋاپ - ئۈسكۈنە
ۋە تېخنىكا شارائىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن چار-
لاش مەزگىلىدە قولغا كەلتۈرگەن يەر ئاستى نېفىت قاتلا-
مىرىدىن ئالغان ماتېرىياللارنىڭ سانى ئاز بولۇپلا قالماس-

تىن، بەلكى توغرىلىق دەرىجىسى تۆۋەن، ۋەكىللىك خارەكتېرى ناچار بولدى. نېفىت قاتلاملىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ماتېرىيالى بولغان كېرىننى ئېلىشتا، شۇ چاغدا ئىشلەتكىنىمىز سوۋېتنىڭ، دىيامېتىرى ئاران 4 مىللىمېتىر كېلىدىغان سىدىك كېرىن ئېلىش سايمىنى بولۇپ، ئېلىنغان كېرىننىڭ دىيامېتىرى كىچىك، ئۆنۈمدارلىقى تۆۋەن، ئادەتتە ئاران 30% ئەتراپىدا بولاتتى. دانىچىلىرىنىڭ دىيامېتىرى چوڭراق بولغان قۇرام تاشلارنى ئېلىشقا پەقەت مۇمكىنلىك بولمايتتى. ئېلىنىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇششاق قۇم تاش ۋە ئەشمە قۇم تاش بولاتتى. دەسلەپتە مۇشۇنداق سانى ئاز، توغرىلىق دەرىجىسى تۆۋەن، ۋەكىللىك خارەكتېرى ناچار بولغان چەكلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، شۇنداقلا بەزى چەتئەل نېفىتلىكلىرىنىڭ پارامېتىرىدىن پايدىلىنىپ، تەگپۈك ماددىلىق قۇم تاشلىق ۋە چوڭ تېپتىكى ئۆزۈلمە بۆلەكلىك نېفىت ئۇۋۇسىغا ئاساسەن تەرتىپ بويىچە قاتارىسىغا سۇ بېرىپ، قارامايىنىڭ يوقارقى، تۆۋەنكى گۇرۇپپىلىرىدىن ئىبارەت ئىككى يۈرۈش نېفىت قاتلاملىرىنى بىرلەشتۈرۈپ نېفىت ئېلىش ۋە بىرلەشتۈرۈپ سۇ بېرىش قائىدىسى بويىچە ئۆزلەشتۈرۈش لايىھەسى لايىھىلەندى. شۇنداقلا بۇ لايىھە قاراماي نېفىتلىكىدە يولغا قويۇلدى.

قاراماي زادى تەگپۈك ماددىلىق، قۇم تاشلىق نېفىتلىكمۇ؟ نېفىتلىكنىڭ يەر ئاستى ئەھۋالى زادى قانداق؟ 1961 ـ يىلدىن باشلاپ ھەرقايسى ئورۇنلاردىن 80 دىن كۆپرەك گېئولوگ، تېخنىك خادىملار، ئاجرىتىلىپ نېفىتلىكنى تەتقىق قىلىش دادۇيى قۇرۇلۇپ، نېفىتلىكنىڭ ئىستىروكتوراسى، نېفىت قاتلىمى، نېفىت ـ گاز سۇنىڭ جايلى-



www.uyghurkitap.com

شىشى، نېفىت قاتلىمىدىكى ئاقار جىسىملارنىڭ خۇسۇسىيىتى، تەبىئى نېفىت زاپىسىنى ئەمەلىلەشتۈرۈش، تەگشەش لايىھەسىنى تۈزۈش قاتارلىق ئالتە جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، نېفىتلىكنى يېڭى باشتىن تونۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدا دەل خەلق ئىگىلىگىنىڭ ئېغىر قىيىنچىلىقتا قالغان نېفىت سانائىتىدە ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ماددى كۈچىنى توپلاپ داچىڭ نېفىت بىرلەشمە جەڭگىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان مەزگىل ئىدى. دۆلەتتىن سېلىنىدىغان مەبلەغ ئىنتايىن ئاز بولغان ئەھۋال ئاستىدا يېڭى باشتىن بىر تۈركۈم ماتېرىيال (مەلۇمات) ئېلىش قۇدۇقلىرىنى بۇرغىلاشقا بەل باغلاندى. يەر ئاستى نېفىت قاتلىمىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى پۈتۈن گەۋدە جەھەتتىن كونترول قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، 1 - تۈركۈمدە "ئۆلچەملىك چارلاش قۇدۇقى" دەپ ئاتىلىدىغان 49 قۇدۇقنى بۇرغىلاش قارار قىلىندى. بۇ تۈركۈم قۇدۇقلارنىڭ ھەممىسىدىن دىيامېتىرى چوڭ بولغان كېرىنلارنى ئېلىپ، بىۋاستە كۆزىتىش ئارقىلىق نېفىت قاتلاملىرىنى بىلىش تەلەپ قىلىندى. ئۈنۈمدارلىقنى 90% تىن ئاشۇرۇپ، نېفىت قاتلىمى چوڭقۇرلۇقىنىڭ توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، نېفىت قاتلىمىغا يەتكەندىن كېيىن داۋاملىق كېرىن ئېلىش، ئوتتۇرا يولدا توختىتىپ قويماسلىق تەلەپ قىلىندى. مۇشۇ تەلەپلەرگە يېتىش ئۈچۈن بۇرغىلاش تېخنىك خادىملىرى "تاق كالۇنكىغا قوم قۇيۇش ئارقىلىق بېسىم بىلەن چىڭقاپ" كېرىن ئالىدىغان سايماننى سىناق قىلىپ نەتىجە قازاندى، بۇ يۈرۈش تېخنولوگىيە گەرچە ئىپتىدائى بولۇپ، ئىشچىلارنىڭ سەرىپ قىلىدىغان ئەمگەك سىجىللىقى بىر قەدەر چوڭ بولسىمۇ، لېكىن ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

چىقالايدىغان كېرىننىڭ دىيامېتىرى 120 مىللىمېتىرگە يېتىپ، دىيامېتىرى ئون نەچچە سانتىمېتىر كېلىدىغان قۇرام تاشنىمۇ ئېلىپ چىقالايدىغان بولۇپ، ئۈنۈمدارلىقى 90% تىن ئاشتى. بىر نەچچە يىل ئىچىدە مۇشۇنداق ماتېرىيال ئېلىش قۇدۇقى ۋە تەكشۈرۈش قۇدۇقلىرىدىن جەمئىي 135 قۇدۇق بۇرغىلىنىپ 15 مىڭ مېتىردىن ئارتۇق كېرىن ئېلىندى. ئوتتۇرىچە ئۈنۈمدارلىقى 89% بولۇپ، بەزى بۇرغۇلاش دۈيلىرىنىڭ ئايرىم قۇدۇقلىرىنىڭ كېرىن ئېلىش ئۈنۈمدار-لىقى 98% گە يېتىپ، نېفىتلىكنى يېڭىباشتىن تونۇشقا بى-رىنچى قول ماددى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى.

كېرىن ئېلىشنىڭ ئۈنۈمدارلىق نىسبىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھەربىر جىنسىتىكى كېرىن ئېلىش نۇقتىسى-نىڭ ئارىلىقى بىر قەدەر قىسقا بولغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇرغۇنى كۆپ قېتىم كۆتىرىپ - چۈشۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇرغىلاش ئىشچىلىرى كېرىن ئېلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق جا-پالىق ئەمگەك قىلىپ چوڭ ئەجىر سىڭدۈردى. ھەربىر كۆز-لۈك كېرىننى ئېلىش ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەم-دىكى نەچچە ئون جىڭ قىرلىق تاشنى سېلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇرغۇلاش ئىشچىلىرى بۇرغىنى چۈشۈرۈش - كۆ-تۈرۈش ۋاقتىدىكى بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ، تاشنى ئۇششاق-لاپ ئۇۋۇتۇپ ئايرىپ قوياتتى. ھەربىر كۆزلۈك كېرىن ئېلىش مېتىراژىنى قېزىپ بولغاندىن كېيىن مەيلى قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقى، يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى بولسۇن ھەممى-سىدە ۋىشكىغا چىقىپ تەييارلاپ قويغان تاشنى تىك تۇرۇبىغا بىر نەچچە قېتىم بۆلۈپ سالاتتى. بۇنىڭغا بەزىدە بىر سا-ئەتتىن ئارتۇق ۋاقىت كېتەتتى. چىقىرىپ ئېلىنغان كېرىنى-

نىڭ قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇرغىنى
كۆتەرگەندە روتورنى قوزغالتىشقا بولمايتتى. رەزۋىنى ئار-
غامچا يۆگەپ يېشەتتى. چۈنكى كېرىن بىلەن كېرىن
كالونكىسىنىڭ ئىچكى دىيامېتىرىنىڭ زازورى ناھايىتى
كىچىك بولۇپ يەنە سېلىنغان تاش قىسىۋالىدىغانلىقتىن
ھەربىر بۇرغۇلاش سايمىنىنى يەشكەندە كالونكىدا توشقان
راستور بۇرغۇلاش سەھنىسىگە قويۇلۇپ تۇراتتى. بۇرغۇلاش
ئىشچىلىرىنىڭ پۈتۈن بەدىنى راستورغا چىلىنىپ لاي بو-
لۇپ كېتەتتى.

چىقىرىپ ئېلىنغان كېرىندىن تولۇق پايدىلىنىش ۋە
ئىلگىرىكى كېرىننى خاتىرىلەش بىر قەدەر ئاددى بولۇشتەك
ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كېرىن خاتىرىلەش قائىدىسىنى
مەخسۇس تۈزۈپ چىقىپ، كېرىننىڭ دانچىلىنىش دەرىجىسىنى،
تەركىبىنى، يېپىشقاقلىقىنى، نېفىت تەركىبىنى دەرىجىگە بۆ-
لۈشنى، ھەمدە تاغ جىنىسلىرىنىڭ قەۋەتلىنىشىنى، بۆلەك-
لەنمىلىكىنى، يېرىلىش قانۇنىيەتلىرىنى خاتىرىلەپ تۇرۇش،
كېرىننىڭ بەش سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى جىنىس خۇسۇسى-
يىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ خاتىرىلەش شۇنداقلا
1/50 لىك كېرىن ۋېرتىكال سىخېمىسىنى سىزىش بەلگىلەن-
دى. نېفىتلىك تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇدىر گېئولوگى يولداش
گوەن پېڭچاڭ نەق مەيدانغا بېرىپ، قۇدۇقلارنى بىر - بىر-
لەپ ئارىلاپ، ئېلىنغان كېرىنلارنى بىر سانتىمېتىر - بىر
سانتىمېتىردىن تەكشۈرۈپ تۇردى. مۇشۇنداق قىلىش يەر
ئاستىدىكى نېفىت قاتلاملىرىنىڭ ئەھۋالىنى يەر ئۈستىگە
كۆچۈرۈپ كەلگەن بىلەن باراۋەر بولۇپ، كىشىلەردە نېفىت
قاتلاملىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىلىق ئۈزۈلدۈرمەي بىۋاستە

كۆزىتىش ئارقىلىق خارەكتېرلەپ تونۇشنى پەيدا قىلىدۇ. خىمىيىلىك تەجرىبە ياساش ئارقىلىق ئانالىز قىلىش خادىملىرى ئىلگىرىكى پەقەت كىچىك دىئامېتىرلىك كېرىنلارنىلا ئانالىز قىلىدىغان ئاپپاراتلارنى ئۆزگەرتىپ، چوڭ كېرىن ئەۋرىشكىسىنى بىۋاستە ئۆلچەپ چىقالايدىغان، ئېلىنغان كېرىننىڭ ھەربىر 10 سانتىمېتىرىدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ ئۇزۇلدۇرمەي ئانالىز قىلالايدىغان بولدى. بىر نەچچە يىل ئىچىدە جەمئىي 36 مىڭ دانىدىن كۆپرەك ئەۋرىشكىنى ئانالىز قىلىپ، 120 مىڭدىن ئارتۇق سانلىق مەلۇماتلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، نېفىت قاتلاملىرى توغرۇلۇق مىقدارلىق بىلىمگە ئېرىشتى. قۇدۇق ئۆلچەش ئىشچىلىرى نېفىت قاتلاملىرىنىڭ جىنس خۇسۇسىيىتىنى، فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى، ئېلېكتىرلىك خۇسۇسىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، قاراماي نېفىتلىكىنى چۈشەندۈرۈش سىخېمىسىنى سىزىپ چىقىپ، نېفىت قاتلاملىرىنىڭ جىنس خۇسۇسىيىتى، فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى، ئېلېكتىرلىك خۇسۇسىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تېپىپ، ھەربىر ئىشلەپچىقىرىش قۇدۇقى، ھەربىر نېفىت قاتلاملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرىگە تېگىشلىك جىنس خۇسۇسىيەت ۋە فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا ئىگە قىلدى. نېفىت سىناشتا، كىچىك قاتلاملارغا بۆلۈپ نېفىت سىناش؛ كىچىك قاتلاملارغا بۆلۈپ بېسىم بىلەن يېرىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. گېئولوگىيىلىك تەتقىقات خادىملىرى يەر ئاستىدىن ئېلىنغان كېرىن ماتېرىياللىرىغا، توك بىلەن ئۆلچەش ماتېرىياللىرىغا نېفىت سىناش نەتىجىلىرىگە ئومۇميۈزلۈك تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ھەرخىل نېفىت

قاتلاملىرىنىڭ ئۆلچىمىنى ۋە ئۇلارنىڭ فىزىكىلىق پارامېتىرىنى تۇراقلاندۇرۇپ، ھەرقايسى رايون، ھەرقايسى قاتلام ۋە ھەربىر قۇدۇقنىڭ زاپىسىنى ھېسابلىمىدى. يەنە نېفىت ئېلىش ئىشچىلىرى بىلەن بىرلىكتە نېفىت قاتلاملىرىنىڭ ھەركەت ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەكشۈرۈپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ نېفىت قاتلاملىرىنىڭ تىنچ ھالەت ماتېرىياللىرى ۋە ھەركەت ھالەت ماتېرىياللىرىنى يۈز نەچچە قېتىم سېلىشتۇرۇپ، سۇ بېرىش قۇدۇقى ۋە نېفىت ئېلىش قۇدۇقى ئوتتۇرىسىدىكى ھەركەت ھالىتى ۋە نېفىت قاتلاملىرىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى، تۇتاشلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئىگىلەپ، نېفىتلىكنىڭ يەر ئاستى ئەھۋالىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇدى.

مۇشۇنداق زور مىقداردا، جاپالىق، ئىنچىكە ۋە پۇختا خىزمەت قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى قاراماي نېفىتلىكىدىكى نېفىت قاتلاملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى؛ ئۇ، ئىلگىرىدىكى قاراشتەك تەكچۈك ماددىلىق قۇم تاشلىق نېفىتلىك بولماستىن، بەلكى قۇم قورام تاشنى ئاساس قىلغان، تىك ۋە توغرىسىنىڭ تەكچۈك ماددىلىق بولماسلىق دەرىجىسى بىر قەدەر چوڭ، چاڭگا ھالىتىدە تارقالغان تۆۋەن ئۆتكۈزۈشچان نېفىتلىك دەپ تونۇلدى. شۇنداقلا، مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ 1963 - يىلى قاراماي نېفىتلىكىنى تەڭشەش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، تەڭشەشنىڭ نىشانىنى — نېفىتلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش دەپ بەلگىلىدى. ئۇنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى: 1. قاتىرىسىغا سۇ بېرىشنى كۆلەملىك سۇ بېرىشكە ئۆزگەرتىش؛ 2. قارامايىنىڭ يوقارقى ۋە تۆۋەنكى گۇرۇپپىلىرىدىن ئىبارەت

ئىككى قاتلام سىستېمىسىدىن بۆلۈپ نېفىت ئېلىش؛ 3. كونا قۇدۇقلاردىن تولۇق پايدىلىنىش؛ 4. نېفىت قاتلاملىرىنى يوقۇرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەپ ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈپ، كىچىك رايونلار بويىچە ئوخشاش بولمىغان قۇدۇق تورى ۋە ئوخشاش بولمىغان نېفىت ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش؛ 5. ھەر قايسى كىچىك رايونلارغا قۇدۇق ئورۇنلاشتۇرغاندا، ئاساسى نېفىت قاتلاملىرىنى ئوبيېكتى قىلىپ، ئاساسى قۇدۇق تورىنى بەلگىلەش؛ 6. بۇنىڭدىن كېيىن يەر ئۈستىدىكى قۇرۇلمىلارنى ئۆزئارا پايدىلىنىش ئۈچۈن قاراماينىڭ يوقارقى ۋە تۆۋەنكى گۇرۇپپىلىرىدىن ئىككى يۈرۈش قۇدۇق تورىنى بىر بىرىدىن ئايرىپ ئورۇنلاشتۇرۇش. كېيىنكى ئەمەلىيەت بۇ تەڭشەش پىلانىنىڭ يەر ئاستىنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىغا بىر قەدەر ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

## II

نېفىتلىك توغرىسىدا بىر قەدەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن تونۇشقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن II - 2 - رايون، VII - 1 - رايوندا كىچىك كۆلەملىك تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىپ، بۇنىڭدىن كۆرۈنەرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. مەھسۇلات مۇقىملىشىپ، ئازىراق قايتا ئۆرلەش بولدى، يەنى يەر قاتلىمىنىڭ بېسىمى قايتا ئۆرلەپ، نېفىت - گاز نىسبىتى تۆۋەنلىدى. شۇنىڭ بىلەن نېفىت قاتلىمىغا بولغان تونۇشنىڭ توغرىلىقى، تەڭشەش لايىھەسىنى يولغا قويۇشقا بولىدىغانلىقى ئىسپاتلىنىپ، نېفىتلىكنى ئوبدان تەڭشەشكە ئىرادە تىكلەندى.

1964 ـ يىلى يۇقۇرىنىڭ تەستىقلىغان لايىھەسى بويىچە تەكشەش بىرلەشمە جېڭى ـــ تەكشەش خىزمەت مىقدارى ئەڭ ئېغىر بولغان 1 ـ رايوندا قانات يايدۇرۇلدى. 1 ـ رايون ئەينى ۋاقىتتا ئۆزلەشتۈرۈلگەن نېفىتلىكتىكى ئاساسى رايون- لارنىڭ بىرى بولۇپ، نېفىتلىك ناچارلاشقان چاغدىمۇ، 1 ـ رايوننىڭ مەھسۇلات مىقدارى يېرىمىغا يېقىن تۆۋەنلەپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ، مەھسۇلاتى يەنىلا پۈتۈن نېفىت- لىك مەھسۇلاتىنىڭ 1/3 قىسمىنى ئىگىلىگەن ئىدى. ئۇنى تەكشەش خىزمەت مىقدارىمۇ چوڭ بولۇپ، كونا قۇدۇقتىن 284 نى تەكشەشكە، 196 قۇدۇقنى يېڭىدىن تولۇقلاپ بۇر- غۇلاشقا توغرا كېلەتتى.

نېفىتلىكنى تەكشەشتىن ئىبارەت بۇ بىر ھەل قىلغۇچ جېڭنى ئوبدان قىلىش ئۈچۈن، ئىدارە رەھبەرلىرى بىرلا ۋاقىت ئىچىدە ھەرقايسى ئورۇنلارغا بۆلۈنۈپ، كادىرلار ۋە كەڭ ئاممىغا چوڭ يىغىن ئېچىپ، ھەممە ئادەمنى 1 ـ را- يون تەكشەش بىرلەشمە جېڭىدا كۈچ چىقىرىشقا سەپەرۋەر قىلدى. 3 ـ ئاي يەنىلا باھار مەزگىلىدىكى سوغۇق قايتىم- غان ۋاقىت ئىدى. بەش بۇرغۇلاش دۈيى، ئۈچ نېفىت ئېلىش زاۋۇتىنىڭ 20 قۇدۇق ئاستى مەشغۇلات دۈيى، ئىككى ئا- ساسى قۇرۇلۇش دۈيى ۋە نېفىتلىك تەتقىقات ئورنى، نېفىت- لىك تېخنولوگىيە تەتقىقات دادۈيى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىي 3400 كىشىلىك قوشۇن 1 ـ رايون بىرلەشمە جېڭىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئاتلاندى. يولداش جېڭ يى ئىككىمىز بۇيرۇققا بىنائەن ئالدىنقى سەپ قوماند- انلىق شتابىنى تەشكىللىدۇق. ئىشلەپچىقىرىش، تېخنىكا، گېئولوگىيە، پەن ـ تەتقىقات، سىياسىي خىزمەت قاتارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 30 دىن كۆپرەك ئادەمدىن تەشكىللەنگەن قوماندان شتابى دەسلەپتە 1 - ئاۋغۇست سۇ بېرىش پونكىتىدىكى بىر چوڭ گەمىدە تەمىس قىلىنىپ، ئەچچە ئون كىشى بىر سۇپىدا يېتىپ - قوپۇپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاماق يەيتتۇق. كېيىن نېفىت ئىشلەش 3 - زاۋۇتىغا كۆچۈپ بېرىپ ھەممىمىز بىر چېدىردا ياتتۇق. 5 - ئايدىن كېيىن چۈللۈكتە كۈن ئوتتەك قىزىپ، چېدىرنىڭ ئىچى خۇددى بىر شامال ئۆتۈشمەيدىغان قىزدۇرۇپ قورۇتۇش دېچىگە ئوخشايتتى. بەزىدە خىزمەت قىلىشقا پەقەت مۇمكىنلىك بولمىغاندا، ئاگرېگات ئاپتوموبىلى بىلەن چېدىرغا سۇ چېچىپ، تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتەتتۇق. مانا مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا قوماندانلىق شتابىدىكى يولداشلار ھەر كۈنى نەق مەيداندىكى ھەر خىل ئىش يۈرگۈزۈش ۋە ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرىنى يىغىپ، ئانالىز قىلىپ، خۇلاسە چىقىرىش ئارقىلىق تۈرلۈك تەدبىرلەرنى مۇزاكىرە قىلىدى ۋە تۈزۈپ چىقتى. ھەم ئىش يۈرگۈزۈش دۈيلىرىنى تەشكىللەپ ۋە قوماندانلىق قىلىپ ئەمەلىلەشتۈردى.

نېفىتلىكنى تەكشۈشنىڭ ئەڭ ئېغىر خىزمىتى قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتى بولۇپ، كونا قۇدۇقلارنى تەكشۈشتە قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتىنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. نېفىتلىك ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە سۇ بېرىشكە كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى تەدبىر قوللىنىشتىكى قېيىنچىلىقنى ئازايتىش ئۈچۈن، بىر قىسىم يېڭى قۇدۇقلارغىمۇ قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتىنى قىلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇ چاغدا نېفىت ئىشلەش زاۋۇتلىرى ۋە نېفىت ئىشلەش دۈيلىرىدىكى يولداشلار قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتى قىلىشنى ئويلىيەتتى ھەم قورقاتتى. ئويلايدىغىنى —

نېفىتلىكنى تەكشەش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن جەز-
مەن قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتى قىلىش يەنى قۇدۇقنى
رېمونت قىلىش كېرەك؛ قورقىدىغىنى — بەزىدە قۇدۇق رېمو-
نت قىلىنسا مەھسۇلات ئاشقاننى قويۇپ، ھەتتا مەھسۇلاتى
تۆۋەنلەپ كېتەتتى. بەزى كىشىلەر: "قۇدۇق چوڭ رېمونت
قىلىنسا، مەھسۇلات كۆپ تۆۋەنلەيدۇ. كىچىك رېمونت قىلىنسا
ئاز تۆۋەنلەيدۇ. مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ چوڭ تەدبىرى
رېمونت قىلماسلىق" دەپ قۇدۇق رېمونت دۈيىدىكىلەرگە
چاقچاق قىلىپ، ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگەتتى. بۇنداق بولۇش
ئاساسەن، قۇدۇق رېمونتقا ئىشلىتىلگەن راستورنىڭ سې-
لىشتۇرما ئېغىرلىقى چوڭ، ئىشلەش سۈرئىتى ئاستا، نېفىت
قاتلىمىنى راستور بىلەن چىلاش ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ، نېفىت
قاتلىمىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، مۆل-
چەرلەنگەن مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدىگە يېتەلمىگەن-
لىكتىن بولغان. بىرلەشمە جەڭ باشلانغاندىن كېيىن قۇدۇق
رېمونت قىلىشتا "سۈپەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ئۈنۈم
ھاسىل قىلىشنى ئاساس قىلىش" تەلىپىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا
قويدۇق. يولداش جاڭ يى كىشىلەرنى باشلاپ، قۇدۇق
رېمونت دۈيلىرىگە تەكشۈرۈش يۈرگۈزۈپ، رەھبەرلىك، تېخ-
نىك كادىرلار، ئىشچىلار بىرلىشىش؛ گېئولوگىيىلىك لايىھە-
لەش، قۇدۇق رېمونت دۈيى، نېفىت ئېلىش دۈيى بىرلە-
شىشتىن ئىبارەت ئىككى «ئۈچ تەرەپ بىرلىشىپ لايىھىلەش»
تەجرىبىسىنى خۇلاسىلاپ چىقىرىپ، يۈز بېرىش مۇمكىن
بولغان ھەر خىل ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش پىلانىنى
تۈزۈپ چىقتى. قۇدۇقنىڭ ئېغىزىنى ئاچقاندىن كېيىن توخ-
تىماي ئىشلەپ، بىر قېتىمدىلا نەتىجە قازىنىش ئۇسۇلىنى—

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

"يەر ئاستى ئەھۋالى ئېنىق بولۇش، ئىش باشلاش تەييارلىقى ياخشى بولۇش، تەدبىر توغرا بولۇش، خىزمەت پۇختا بولۇش، سايماننى چىڭ تۇتۇش، تۇۋرۇق تەكشى ماسلىشىش كېرەك" دېگەن بىرنەچچە ئېغىز سۆزگە يىغىنچاقلاندى. كېيىن ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ: "يېنىك بېسىم بىلەن تېز ئىشلىتىش، ئەلا سۈپەتلىك، بىخەتەر بولۇش، بىر قېتىمدىلا نەتىجە قازىنىش" دىن ئىبارەت تېز سۈرئەت بىلەن قۇدۇق رېمونت قىلىش تەجرىبىسى دەپ خۇلاسىلىدى. شۇنىڭ بىلەن قۇدۇق ئاستى مەشغۇلات سۈرئىتىنى بىرنەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ، سايمانىمۇ زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، نېفىتلىكنى تەكشۈش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. نېفىت سانائەت مىنىستىرلىكى 1964 - يىلى 5 - ئايدا يەنە 1 - رايون بىرلەشمە جىڭنىڭ ئالدىنقى سېپىدە بىر قىسىم نېفىتلىكلەرنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان قۇدۇق رېمونت قىلىش نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، تېز سۈرئەتتە قۇدۇق رېمونت قىلىش تەجرىبىسىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە ئومۇملاشتۇردى. ئەينى ۋاقىتتىكى قۇدۇق رېمونت ئىشچىلىرىنىڭ ئەمگەك قىزغىنلىقىمۇ ئۇنتۇلغۇسىز ئىدى. راستۇر بىلەن نېفىت قاتلىمىنى چىلاش ۋاقتىنى ئازايتىش، ئىشلەش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ھەر قايسى قۇدۇق رېمونت دۈيىدىكىلەر تۇرۇشلۇق جايىنىڭ ئالدىغا بىر تۇرۇبىنى تىكلەپ ئورنىتىپ، دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا زەنجىرلىك كۇلۇچ ئىشلىتىش ماھارىتىنى مەشىق قىلاتتى. ئەڭ تېز بولغانلىرى مىنۇتىغا 23 قېتىم ئۇرۇپ، ھەممىسىدە بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىناتتى. نېفىت

ئېلىش 3 - زاۋۇتىنىڭ قۇدۇق رېمونت قىلىش 2 - دۈيى مەخسۇس بېسىم بىلەن قاتلام يېرىدىغان دۈي بولۇپ، ئۇلار "قول بىلەن تۈگمەن تارتىش" ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تۇرۇشلۇق جايلىرىنىڭ ئالدىدىن 30 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى بىر تەقلىت قۇدۇقنى قېزىپ، ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن پاكىز چۈشۈرۈش ماھارىتىنى مەشىق قىلاتتى. نېفىت ئېلىش 3 - زاۋۇتىنىڭ قۇدۇق رېمونت 1 - دۈيى ئەمگەك تەشكىلىنى ياخشىلاپ، بۇرۇنقى تۆت ئىسمېنىلىك تۈزۈمنى بەش ئىسمېنىلىك تۈزۈمگە ئۆزگەرتىپ، بىر دەرىجە قۇدۇقنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، گىرەلەشتۇرۇپ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ، ھەم قۇدۇق رېمونت قىلىش سۈرئىتىنى ئۆستۈرۈپ، ھەم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دەم ئېلىشىغا يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرىپ بېرىپ، سالامەتلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى. بىر ئايدا ئەڭ كۆپ بولغاندا 11 قۇدۇق رېمونت قىلىپ، ساپاسىنىمۇ ياخشىلاپ، نېفىت سانائەت مىنىستىرلىكىنىڭ ئومۇمىي ئوقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىشىگە سازاۋەر بولدى.

نېفىتلىكنى تەكشەش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئىنژېنېر - تېخنىك خادىملار ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، قايتا - قايتا سىناق قىلىش ئارقىلىق قاراماي دەك قوراشتاشلىق نېفىتلىكنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان زور بىر تۈركۈم يېڭى تېخنولوگىيە ۋە تېخنىكىلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ چىقتى. ھازىر قارىشىمىزچە، ئەڭ ئاز دېگەندە تۆۋەندىكى بىرنەچچە يۈرۈش ئىشلەشلىرىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەم قارامايىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە خاس دەپ ھېسابلايمىز:

(1) كونا قۇدۇقلارغا ئاخىرقى كالوننى چۈشۈ-
رۈش تېخنولوگىيەسى. يېڭىباشتىن قۇدۇق قېزىشنى ئازايتىش
ئۈچۈن، ئۆلكىمىزدىكى كونا قۇدۇقلاردىن پايدىلىنىپ، بىرىك-
تۈرۈپ نېفىت ئېلىش، بىرىكتۈرۈپ سۇ بېرىدىغان قۇدۇق-
لارغا ئاخىرقى كالوننى چۈشۈرۈپ، قۇدۇقنى مۇستەھكەم-
لەپ، قارامايىنىڭ تۆۋەنكى قاتلىمىدىن نېفىتنى ئايرىم
ئېلىپ، سۇنى ئايرىم بېرىپ، تەكشۈش سۈرئىتى تېزلىتىلدى،
سېلىنىدىغان مەبلەغ تېجەلدى.

(2) قاتلاملارغا بۆلۈپ، بېسىم بىلەن يېرىش
ئارقىلىق نېفىت قاتلاملىرىنى ئۆزگەرتىش تېخنولوگىيەسى
قاراماي نېفىتلىكىنىڭ نېفىت چىقىدىغان ئاساسى ئىككى
قاتلام سىستېمىسىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيەت پەرقى چوڭ،
چوڭ قاتلاملار ئىچىدە يەنە كىچىك قاتلاملار بولۇپ،
ئۇلارنىڭمۇ پەرقى چوڭ بولۇش ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە
تۇتۇپ، بىر يۈرۈش قاتلاملارغا بۆلۈپ بېسىم بىلەن
قاتلام يېرىش تېخنولوگىيەسىنى ۋە سايمانلىرىنى يەنى شارىك
تاشلاپ بېسىم تاللاش، سېرىلما قاپ ئارقىلىق بېسىم
بىلەن قاتلام يېرىش، ئالدى بىلەن تۆۋەن ئۆتكۈزۈشچان
قاتلامدا تۆشۈك ئېچىپ، بېسىم بىلەن قاتلام يېرىشتا
ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، يۇقىرى ئۆزگۈرۈشچان قاتلامدا
تۆشۈك ئېچىش، ئىزوتوپ قۇملارنى سىقىپ كىرگۈزۈش
ئارقىلىق بېسىم بىلەن يېرىلىدىغان قاتلامنىڭ ئورنىنى
ئۆلچەش قاتارلىقلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتلاملار
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش، تۆۋەن ئۆتكۈزۈش-
چان قاتلاملارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ۋە
سۇ سۈمۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى ئوبدان

رول ئوينىدى.

(3) تۆۋەن مېتىداردا سۇ بېرىشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان لېنىيە ۋە تېخنولوگىيە. ئېلگىرىكى سۇ بېرىش - قۇدۇق يۇيۇش بىر لېنىيىدە بولىدىغان "ئېسىلغان پانۇس" شەكىلىك لېنىيىنى ئايرىم - ئايرىم سۇ بېرىش، قۇدۇق يۇيۇشتىن ئىبارەت ئىككى يۈرۈشلۈك لېنىيە قىلىپ، ئۈسكۈنە باشقۇ-رۇش كۈچەيتىلىپ، مەشغۇلات ياخشىلاندى. ئەينى ۋاقىت-تىكى 300 -- B2 تىپلىق دىزېل ماتور بىلەن 3 — u8 تىپلىق سىغىزىمىق ئېرىتمە نەسوسىنى ئىشلىتىپ سۇ بېرىلىدىغان شارائىتتا، يەتتە كۈندە بىر قېتىم نەسوس يەڭگۈشلىنىپ، نەسوس يەڭگۈشلەشنىڭ قېتىم سانى ئازايتىلدى. نەسوس يەڭگۈشلىگەندە پونكىت باشلىقى ۋە تېخنىكلار ئۆزلىرى زادۇڭكىنى كونترول قىلىپ، بېسىمنىڭ تەۋرىنىشىنى ئىككى ئاتموسفىرا بېسىمدىن ئاشۇرمىدى. شۇنىڭ بىلەن سۇ بېرىش بېسىمىنىڭ تۇراقلىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

(4) بۆلۈپ سۇ بېرىش، بۆلۈپ نېفىت ئېلىش تېخنو-لوگىيىسى. بۆلۈپ سۇ بېرىش جەھەتتە، سۇنى بۆلۈپ بېرىش پاكېرى، كاۋاكلىق سۇ تەقسىملىگۈچ، نېفىت تۇرۇبىسى ۋە كالونلارغا بۆلۈپ سۇ بېرىش، بۆلۈپ نېفىت ئېلىش جەھەتتە، قوش تۇرۇبىدىن ئايرىم - ئايرىم نېفىت ئېلىش؛ نېفىت تۇرۇبىسى بىلەن كالونلاردىن بۆلۈپ ئايرىم - ئايرىم نېفىت ئېلىشتەك بۆلۈپ سۇ بېرىش ۋە بۆلۈپ نېفىت ئېلىش قاتارلىقلار ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

نېفىتلىكنى تەكشۈرۈش بىرلەشمە جېڭى بىر قېتىملىق گېئولوگىيە خىزمىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە نېفىت قۇدۇقلىرىنى

باشقۇرۇش خىزمىتىنى زور دەرىجىدە يۈكسەلدۈرۈش جېڭى
بولدى. ئۆتكەندە نېفىت ئېلىش ئىشچىلىرى پەقەت يەر
ئۈستىدىكى ئۈسكۈنىلەرنىلا باشقۇرۇپ، يەر ئاستىدىكى
نېفىت، سۇلارنىڭ ھەرىكەت ھالىتى بىلەن كارى بولمايت-
تى. ئۇلاردا ئاتالمىش «تۇرۇبا كولۇچى، ماناھېتىر،
شىتوتىردىن ئىبارەت ئۈچ گۆھەر بار» دېيىلەتتى. تەڭشەش
بىرلەشمە جېڭى باشلانغاندىن كېيىن 80 دىن ئارتۇق
گېئولوگ ـ تېخنىك كادىرنى نېفىت ئېلىش دۈيلىرىگە،
سۇ بېرىش پونكىتلىرىغا چۆكتۈر چۆكۈپ، ئىشچىلارغا
گېئولوگىيە بىلىملىرىنى سۆزلەشكە، نېفىت ـ سۇ قۇدۇقلىرىنى
تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىشكە، ئىشچىلار بىلەن بىر-
لىكتە نېفىتلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ،
نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قانۇنىيىتىنى تېپىشقا،
ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ، تەڭشەش لايىھىسىنى
ۋە تەڭشەش نەتىجىسىنى تەكشۈرۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە
تەشكىللىدۇق. نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ گېئولوگىيە بىلىملىرىنى
ئۆگىنىپ، نېفىت قۇدۇقلىرىنى ئانالىز قىلىش قىزغىنلىقى
ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، نېفىت ـ سۇ قۇدۇقلىرىنى
باشقۇرۇش ۋە ئانالىز قىلىشنىڭ زور بىر تۈركۈم ماھىر-
لىرى بارلىققا كەلدى. نېفىت ئېلىش 1 ـ زاۋۇتىدىكى
لى شىيېن، چاڭ فۇتيەن، نېفىت ئېلىش 2 ـ زاۋۇتىدىكى
جېڭ يىڭۋېن، تاۋ يۇشېڭ، نېفىت ئېلىش 3 ـ زاۋۇتىدىكى
گۇشياۋشيەن، خۇكەنچۈەن قاتارلىقلار ناھايىتى ئوبدان
نەتىجىلەر يارىتىپ، ناھايىتى چوڭ تۇرتكىلىك ۋە ئىلگىرى-
لىتىش رولىنى ئوينىدى. نېفىت ئېلىش 2 ـ زاۋۇتىدىكى
5008 ـ قۇدۇقنى باشقۇرىدىغان جېڭ يىڭۋېن نېفىت قۇدۇق-

نىڭ ھەرىكەت ھالەت ماتېرىيالى بىلەن تېنچ ھالەت ماتېرىياللىرىنى قايتا - قايتا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، بۇ قۇدۇقنى يەر ئاستى ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ باشتا قۇدۇق گۇرۇپپىسىغا ئايرىش كېرەكلىكىنى بايقىدى. ھەم تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى.

نېفىت ئېلىش 3 - زاۋۇتىدىكى نېفىت ئېلىش ئىشچىسى گۇ-شياۋشيەن 1 - رايوننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا سۇ بېرىش رايونى بولمىغان شارائىتتا مىقدارىنى ۋە بېسىمىنى 24 سائەت داۋاملىق قايتا - قايتا ئۆلچەش ئارقىلىق نېفىت قۇدۇقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قابىلىيىتىنى تېپىپ، 2508 - قۇدۇقنىڭ نېفىت - گاز نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇنى تۇراقسىز ئىشلەپچىقىرىدىغان قۇدۇق قىلىپ ئېچىشتىن، ھەر كۈنى ۋاقىت بەلگىلەپ ئاچىدىغان قۇدۇققا ئۆزگەرتىپ، نېفىت - گاز نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىپ، مەھسۇلاتنى مۇقىملاشتۇردى.

شۇ چاغدا نېفىتلىكتە نېفىت، سۇ قۇدۇقلىرىنى ئانالىز قىلىش قىزغىن دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. كىچىك قاتلاملار-نىڭ ھەرىكەت ھالىتىنى ئانالىز قىلىش، نېفىت، سۇ چېگراسىنى ھېسابلاشتا ھېسابلاش سىزغۇچى، ھېساب-چوت، قەلەم بىلەن ھېسابلاشلار تەڭ ئىشلىتىلەتتى. بەزى ئىشچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ، سانلىق مەلۇماتلارنى ئۆيىگە ئاپىرىپ، يولداشىغا ھېسابلىتاتتى. نېفىت ئېلىش 3 - زاۋۇتىدىكى نېفىت ئېلىش 1 - دۈينىڭ نېفىت ئېلىش ئىشچىلىرىنىڭ ھەممىسى ھېسابلاش سىزغۇچى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالدى. (ئەينى ۋاقىتتا ھېسابلاش سىز-غۇچى ئىلغار ھېسابلاش سايمىنى ھېسابلىناتتى). ئۇلارنىڭ ئىچىدە 13 ئىشچى ھېسابلاش سىزغۇچىنى، ئىككى ئىشچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھېساپچوت سېتىۋالغان. شۇ چاغدا ئىشچىلار نېفىت قۇدۇقلىرىنى ئانالىز قىلىش پاراملىتىنى «يەر ئاستى سارىيىنى ساياھەت قىلىش» دەپ ئاتىغان. يەنى يەر ئاستىدىكى نېفىت - گاز - سۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلىپ، «ئىش ئورنى يەر ئاستى بولۇش، كۆرەش ئوبيېكتىسى نېفىت قاتلاملىرى بولۇشىنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلدە كۆرسەتكەن. تەكشەش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرۈلگەن رايونداكى زور تۈركۈم نېفىت قۇدۇقلىرىدا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ توختاپ قېلىشىنى، ئىشلەپچىقىرىشتا كېرىشتۈرۈشكە ئۆزگەرتىش، تۆۋەن مەھسۇلاتنى يۇقىرى مەھسۇلاتقا ئۆزگەرتىش، يۇقىرى نېفىت - گاز نىسبىتىنى تۆۋەن نېفىت - گاز نىسبىتىگە ئۆزگەرتىش، توختاپ - توختاپ ئىشلەپچىقىرىشنى، ئۈزۈلدۈرمەي ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆزگەرتىش، يۇقىرى بېسىم پەرقىنى تۆۋەن بېسىم پەرقىگە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت «بەشنى ئۆزگەرتىش» سۇ بېرىش قۇدۇقلىرىدا تۆۋەن مىقداردا سۇ بېرىشنى يۇقىرى مىقداردا سۇ بېرىشكە ئۆزگەرتىش؛ سۇ بېرىش مۇقىم بولماسلىقىنى، مۇقىملىقىغا ئۆزگەرتىش؛ تاق قاتلاملىق سۇمۇرۇشنى كۆپ قاتلاملىق سۇمۇرۇشكە ئۆزگەرتىش؛ سۇ سۈپىتىنىڭ لاياقەتسىزلىكىنى لاياقەتلىك بولۇشقا ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت «تۆتنى ئۆزگەرتىش» ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، تەكشەشنىڭ نەتىجىسى مۇستەھكەملەندى.

بىرنەچچە يىللىق تەكشەش ئارقىلىق 1964 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە نېفىتلىكنىڭ بىرنەچچە ئۆزلەشتۈرۈلگەن رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشتى. پۈتۈن نېفىتلىكنىڭ مەھسۇلاتى 1964 - يىلدىن

باشلاپ قايتا ئۆرلەپ، 1965 - يىلى 930 مىڭ توننىغا يېتىپ، شۇنىڭدىن كېيىن يىلدىن - يىلغا ئېشىپ، قاراماي نېفىتلىكىنىڭ ياشلىق باھارى قايتىدىن ئەسلىگە كەلدى.

## IV

60 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى نېفىتلىكنى تەكشۈرۈش بىرلەشمە جېڭىنى ئەسلىگەندە، ئەينى ۋاقىتتا نېفىتلىكتە ئىشلىگەن زور بىر تۈركۈم پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى ئۇنتۇيالمايمەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىنژېنېرلىق، بەزىلىرى گېئولوگلىق، بەزىلىرى باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللانسا، بەزىلىرى رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، بەزىلىرى نامى چىقمىغان ئاددىيتىنكى تېخنىك كادىرلىرى بولۇپ، ھەممىسى نېفىتلىكنى تەكشۈرۈش بىرلەشمە جېڭى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى تەقدىم قىلدى.

ئۇلار بىلىملىك، ئۆتكۈر بولۇپ «نوپۇز»غا ۋە دوگمىچىلىققا خۇراپىلارچە ئىشەنمەيتتى، ئۆزلىرىنىڭ توغرا كۆزقاراشلىرىدا قەتئىي چىڭ تۇراتتى. 1962 - يىلى مەلۇم چەتئەللىك نېفىتلىك ئۆزلەشتۈرۈش مۇتەخەسسىسى قاراماي‌غا كېلىپ: «قاراماي ئۆزۈلمەس قاتلاملىق نېفىتلىك» دەپ كېسىپ ئېيتقان ئىدى. نېفىتلىكتىكى تېخنىك خادىملار داۋلىي سۆزلەپ، تالاش - تارتىش قىلدى. شۇنداقلا، قەتئىي تۇردە ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئالغان توغرا تونۇشلىرى بويىچە، قاراماي - ئورقۇ ئوتتۇرىسىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چوڭ يېرلەرنى بويلاپ چارلاپ، يېرلەردىن يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ، نېفىتلىكنىڭ كۆلىمى ۋە زاپىسىنى داۋاملىق كېڭەيتتى.

ئۇلار ئاساسلىقى بىلىملەرگە ۋە تەجرىبىلەرگە قانائەتلىنىپ قالمىدى. تېخنىكا جەھەتتىن ئىزدەندى. ئاممىۋى بىلەن زىچ بىرلىشىپ ھەم تەجرىبىگە ئېرىشتى، ھەم قابىلىيەتلىرىنى يېتىلدۈردى ۋە ئاشۇردى. نېفىتلىكنى تەكشۈرۈش جەريانىدىكى تۈرلۈك تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى مانا مۇشۇنداق قولغا كەلگەن. شارىك تاشلاپ تاللاش خارەكتېرلىك بېسىم بىلەن قاتلام يېرىشتا، يەر ئۈستىدە 251 قېتىم سىناق قىلىش ئارقىلىق ئالتە خىل تۆشۈك توساش مۇناسىۋىتىنى، ئۈچ خىل شارىك تاشلاش ئۇسۇلىنى، تۆت خىل ئوخشىمىغان ماتېرىيالدىن ياسالغان توسقۇچ ساقىنىڭ 12 ئەگرى سىزىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يەر ئاستىدا ئىش يۈرگۈزۈشكە قوماندانلىق قىلدى. ھەم بۇ بىر تۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەتلىك تېخنولوگىيىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئۇلار پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى، نېفىت ئىشچىلىرىنى قىزغىن سۆيدى، ئۆزلىرىنىڭ پايدا زىيىنى بىلەن ھېسابلاشمىدى. ئەينى ۋاقىتتا دۆلەت ئىقتىسادى، يەنىلا بىر قەدەر قىيىنچىلىقتا بولۇپ، تۇرمۇش ۋە خىزمەت شارائىتى بىر قەدەر ناچار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى زور كۆپچىلىكنىڭ مائاشى بىر قەدەر تۆۋەن، ئائىلە تۇرمۇش يۈكى ئېغىر بولۇپ، «سولچىل»لىقنىڭ تەسىرىدە يەنە بەزىلىرى ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغان ئىدى. لېكىن ئۇلار نېفىتلىكنى تەكشۈرۈش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى تەشەببۇس-

كارلىق بىلەن ئۇستىلىرىگە ئېلىپ ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىدا باش چۆكۈرۈپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلەپ تۆھپە ياراتتى.

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، مۇشۇ تۈركۈمدىكى يولداشلار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى نېفىتلىكلىرىگە تارقىلىپ كەتتى. نۇرغۇنلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، تېخنىكا، پەن-تەتقىقات جەھەتلەردىكى رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى زىممىسىگە ئالدى. بەزىلىرى ئاجايىپ نەتىجە ياراتقان مۇتەخەسسىسكە ئايلاندى. بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان تېخىمۇ كۆپ يولداشلار ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئۆستۈرۈلۈپ، نېفىت سانائىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن مۇھىم روللىرىنى جارى قىلدۇرماقتا. بۇ يەردە مەن بىر ئىككىيلەننى مىسال قىلىپ، مۇشۇ يولداشلارغا ئالىي ئېھتىراملىق ھېسسىياتىمنى بىلدۈرىمەن.

يولداش جاڭ يى 1951-يىلى ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن. ئەينى ۋاقىتتا، باش دېسپېتچېر باشلىقى بولۇپ، مەن بىلەن بىرلىكتە بىرلەشمە جېڭىنىڭ تەشكىللەش، قوماندانلىق قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. يولداش جاڭ يى شۇ چاغدىلا ئوتتۇرا ياشلاردا ئىدى. ئۇنىڭ يولدىشى ئۇزۇن مۇددەت ئاغرىپ، يېتىپ قالغان بولۇپ، ئەڭ چوڭ بالىسى 11 ياشتىن ئاشمىغان ئىدى. يولداش جاڭ يى بىرلەشمە جەڭ باشلىنىش بىلەنلا كۆپچۈلۈك بىلەن بىللە نەق مەيداندا يېتىپ، كۈندۈزى ئىش مەيدانغا بېرىپ، كەچتە چېدىردا كېلەر كۈنلۈك خىزمەتلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ، تەشكىللەپ، ھەر كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سائەت ئۈچ، تۆتلەردە ئۇخلايتتى. بىر قېتىم سائەت تۆتلەردىن ئاشقاندا ئەمدىلا ئۇخلىشى بىلەن تېلېفون جىرىڭلاپ، رېمونت قىلىنىۋاتقان بىر قۇدۇقنىڭ ئىچىگە نېفىت تۇرۇبىسى چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى دوكلات قىلدى. ئۇ دەرھال تۇرۇپ، نەق مەيدانغا بېرىپ ئەھۋال ئىگەللەپ، بىر تەرەپ قىلىشقا تەشكىللىدى. ئىككىنچى كۈنى يەنە بارلىق قۇدۇق رېمونت دۈيىدىكىلەرگە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىش، سۈپەتكە كا-پالەتلىك قىلىش تەلىپىنى ۋە تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كەينى - كەينىدىن كېچە - كۈندۈزگە ئۇلانغان ئۇيقۇسىزلىقتىن ئۇنىڭ كۆزلىرى دائىم قىزىرىپ يۈرەتتى. ئۇ يانچۇقىغا ھەر دائىم بىر قۇتا سالقۇنلىتىش مېيىنى ئېلىپ يۈرەتتى. ھەر قېتىم يىغىن بولغاندا چېكىسىگە پات - پات سۈركەپ، ئۇيقۇسىنى ئاچاتتى. يولداش جاڭ يى نېفىتلىكنى تەكشۈرۈش جېڭىگە زور تۆھ-پىلەرنى قوشتى.

يولداش ۋاڭ داجۈن گېئولوگىيە باشقارمىسىنىڭ ئايال گېئولوگى بولۇپ، ياش ۋاقتىدا دالا گېئولوگىيە چارلاش دۈيىسىنىڭ دۈيجاڭى بولغان. ئەينى ۋاقىتتا ئۇمۇ قوماندانلىق شتابىدا ئىشلىدى. ئۇنىڭ يولدىشى چارلاش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇدىر گېئولوگ ئىدى. دائىم سىرتتا شىلەيتتى. يولداش ۋاڭ داجۈنمۇ نەق مەيدانغا كېلىپ ياتتى. نېفىت قاتلاملىرىنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئۇ ياش يولداشلار بىلەن بىرلىكتە نېفىت ئېلىش دۈيلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىشچى-لار بىلەن بىللە قۇدۇق بېشىدا نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ

ئىشلەپچىقىرىش قانۇنىيىتىنى تېپىش ئۈچۈن، بەزىدە ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە كۈن قۇدۇق بېشىدىن قايتماستىن، تاماقنى قۇدۇق بېشىدا يەپ، ئاساستا تالامدا ياتتى. نېفىتلىكنى تەڭشەشتىكى ئۇرغۇنلىغان تەدبىرلەر توغرىسىدا، ئۇ ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى ئوبدان، ناھايىتى چوڭقۇر كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## V

«ھەش - پەش، دېگىچە 23 يىل ئۆتۈپ كەتتى». ئەگەر «نېفىتلىكنىڭ قىسمەن ناچارلىشىشى»نى بىلگەندىن باشلاپ ھېسابلىساق قاراماي نېفىتلىكنى تەڭشەش خىزمىتىدىن تارتىپ ھازىرغىچە توپ - توغرا 23 يىل بولدى. نېفىتلىكنى تەڭشەش ئاخىرلىشىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي 1965 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەن ئون نەچچە يىل خىزمەت قىلغان شىنجاڭدىن كەتتىم. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇرغۇنلىغان بوران - چاپقۇنلارنى باشتىن ئۆتكۈزدۇق. غەلىبە خۇشاللىقلىرىمۇ بولدى. قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارمۇ بولدى. ھەر قېتىم بەزى ياشانغان يولداشلار جەم بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى نېفىتلىكنى تەڭشەش توغرىسىدا پاراڭلاشقىنىمىزدا ھەممىمىز: ئۇ بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك، ئەھمىيەتلىك خىزمەت بولغان ئىدى دېيىشىمىز. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى پۈتۈنلەي ئەينى ۋاقىتتىكى تەڭشەلگەن بىر نەچچە رايوننىڭ نېفىت ئېلىش ئۈنۈمدارلىقى بىر قەدەر ياخشى بولغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ھازىرغا قەدەر قاراماي نېفىتلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن كۈچ چىقارغانلىقىدا. ئەڭ مۇھىمى:

www.uyghurkitap.com

ئۇ قاراماي نېفىتلىكىنى مۇۋاپىق ئېچىش ۋە تەڭشەشنىڭ يولىنى تېپىپ بەردى. زور بىر تۈركۈم تېخنىك خادىملارنى ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى چېنىقتۇردى ھەم يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۇ كىشىلەر قارامايدىلا ئەمەس، پۈتۈن مەملىكەتتىكى نۇرغۇن نېفىتلىكلەردە مۇھىم روللارنى ئوينىماقتا.

يېقىنقى ئىككى يىلدا ئىككى قېتىم قاراماي نېفىتلىكىگە كېلىپ ئېكسكورسىيە قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. بۈگۈنكى قاراماي نېفىتلىكىنى 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى كەڭ دائىرىلىك نېفىتلىكنى تەڭشەش خىزمىتى ئاخىرلاشقان ۋاقىتتىكى بىلەن سېلىشتۇرساق، چارلاش ساھەسى كەڭ دائىرىدە كېڭەيتىلىپ، تەبىئىي نېفىت زاپىسى ئۇ چاغدىكىدىن ئىككى ھەسسىدىن ئارتۇق ئېشىپ، نېفىتلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىياپىتى مۇقىملىنىپ، تەبىئىي نېفىت مەھسۇلات مىقدارى كەڭ كۆلەمدە ئاشقان. نېفىتلىكتىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى پات ئارىدا تېخىمۇ كۆپ گېئولوگىيىلىك زاپاسقا ئىگە بولۇش ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يىللىق مەھسۇلاتنى 20 مىليون توننىغا يەتكۈزۈش نىشانى ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا. مەن قاراماي نېفىتلىكىنىڭ ياشلىق باھارى مەڭگۈ ياشناپ تۇرۇشقا چىن قەلبىمدىن تىلەكداشمەن.

1984 - يىل. قاراماي

تەرجىمە قىلغۇچى: قابدۇس.

# 1 - رايوندىكى نېفىتلىكنى تەڭشەش بىرلەشمە جىبىڭىغا دائىر بەزى ئەھۋاللار

**جېك لۇنشۇ**

قاراماي نېفىتلىكى 1 - رايونىنىڭ ئەسلىدىكى
ئۆزلەشتۈرۈلۈش لايىھەسى، تەكشى ماددىلىق قۇمتاش
جىنسىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەنلىكتىن، يەر ئاستىنىڭ
ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولماي، ئۆزلەشتۈرۈشكە
كىرىشتۈرۈلگەندىن باشلاپ، زىددىيەت مانا مەن دەپ
ئاشكارلىنىپ چىقتى. بولۇپمۇ ئىلگىرى لايىھىلىگەن قاتارد-
-مىغا سۇ بېرىش قۇدۇق تورى يەر ئاستى ئەھۋالىغا
ماس كەلمىگەنلىكتىن، سۇ بېرىشنىڭ ئۈنۈمى ئانچە ياخشى
بولمىدى. نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ بېسىمى جىق تۆۋەنلەپ،
تەدرىجىي كېمىيىشى بەك تېز بولدى؛ قاراماي يۇقىرى،
تۆۋەن ئىككى چوڭ قاتلامنى بىرلەشتۈرۈپ نېفىت ئېلىش-
تا بىر - بىرىگە دەخلى يەتكۈزۈپ، نېفىت قاتلاملىرىنىڭ
يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشقا مۇمكىنلىك بولمىدى.
شۇنىڭ بىلەن تەينى ۋاقىتتىكى ئاتالمىش «نېفىتلىكنىڭ
ناچارلىششى» كېلىپ چىقتى.

نېفىتلىك پارتكومى مۇشۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە

www.uyghurkitap.com

تۇتۇپ، 1 ـ رايوندىكى نېفىتلىكنى تەكشەشنى قارار قىلدى. 1964 ـ يىلى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ساۋ جىنكۇي، باش ئىنژېنېر جاڭ يىلار قوماندانلىق قىلىپ، ئىدارە ئورگانىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىيەت، ئىشچىلار ئويۇشمىسى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە نېفىتلىكتىكى ئىككىنچى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ كادىرلىرىنى باشلاپ، بىرلەشمە جەڭنىڭ ئالدىنقى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، 1 ـ رايوننى تەكشەشنى مەركەز قىلغان نېفىتلىكنى تەكشەش بىرلەشمە جېڭىنى پۇختا، داغدۇغىلىق ئويۇشتۇردى. بۇ قېتىمقى بىرلەشمە جەڭدە ئەمەلىيەت ـــ بىلىش ـــ يەنە ئەمەلىيەت ـــ يەنە بىلىشتىن ئىبارەت دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزمنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىنى باشتىن ـ ئاخىر ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىر قەدەر ياخشى نەتىجە ھاسىل قىلىندى.

بىرلەشمە جەڭ باشلىنىشى بىلەنلا كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ۋە كەڭ ئاممىا ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىنىپ، كۆپ مىقداردىكى توغرا ئاساس ماتېرىياللارنى قولغا كەلتۈرۈپ، يەر ئاستى دەۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەكشەش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىشقا ئاساس سېلىندى.

شۇ چاغدا نۇرغۇن تەكشۈرۈش قۇدۇقلىرى قېزىلىپ، كۆپ مىقداردا كېرىن ئەۋرىشكىسى ئېلىندى. بۇرغىلاش دۈيلىرى كېرىننى ئوبدان ئېلىش ئۈچۈن، ئاممىنى قوزغاپ، تەدبىر بەلگىلەپ كېرىن ئەۋرىشكىسى ئېلىش ئۈنۈمىنى 90% كە يەتكۈزدى. نۇرغۇنلىغان گېئولوگ تېخنىك خادىملار مەسىلەن: گېئولوگ گۇەن پېڭچاڭ قاتارلىقلار قۇدۇق بېشىغا بىۋاستە بېرىپ، ئېلىنغان كېرىنلارنى كۆزۈ-

تۇپ، كېرىنلارنى ۋە نېفىت قاتلاملىرىنىڭ تۈزۈلۈشىنى خاتىرىلىدى. تەجرىبىخانىدىكىلەر ئېلىنغان كېرىن ئۈستى-دىن كۆپلەپ ئانالىز ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن قىزىقلىق ماتېرىياللارنى قولغا كەلتۈردى. بۇ ماتېرىيال-لارنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق 1-رايوننىڭ نېفىت قاتلىمى تەكشى ماددىلىق قۇمتاش ئەمەس، چۆكۈندىلەر چاڭگا ھالىتىدە كەلگەن «قۇرامتاش» ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، نېفىتلىكنى تەڭشەش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىپ، قاتارىسىغا سۇ بې-رىشنى كۆلەملىك سۇ بېرىشكە ئۆزگەرتتى. ئىككى قاتلامنى بىرلەشتۈرۈپ نېفىت ئېلىشنى ئىككى يۈرۈشلۈك قاتلام سىستېمىسىغا بۆلۈپ نېفىت ئېلىشقا ئۆزگەرتتى. شۇنداق قىلىپ، ئىلگىرىكى يەر ئاستى ئەھۋالغا ماس كەلمەيدىغان ئۆزلەشتۈرۈش لايىھەسى تۈپتىن ئۆزگەرتىلدى. تەڭشەش لايىھەسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىپ، كونا نېفىتلىكتىن تۇراقلىق مەھسۇلات ئېلىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

بىرىنچى رايوننى تەڭشەش بىرلەشمە جېڭى ئارقىلىق نېفىتلىكنى ئۆزلەشتۈرۈشتە تۆۋەندىكىدەك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

1-كونا نېفىتلىكنى تەڭشەش، يوشۇرۇن كۈچلەرنى ئىشقا سېلىش، تۇراقلىق مەھسۇلات ئېلىشقا يول ئېچىلىپ چارە-تەدبىر تېپىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى نېفىتلىكلەرنى تەڭشەش خىزمىتى قىممەتلىك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلەندى. نۆۋەتتە ھەر قايسى كونا نېفىتلىكلەرنى تەڭشەشمۇ مۇشۇنداق ئىشلەنمەكتە.

www.uyghurkitap.com

2 - تېخنولوگىيىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.
بىرلەشمە جەڭ ئارقىلىق، ئېغىتالىكنى تەكشۈرۈشنىڭ بىر يۈرۈش ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسى مۇكەممەللەشتى ۋە تەرەققىي قىلدى:

(1) ئاخىرقى كالون چۈشۈرۈش تېخنولوگىيىسى.
يېڭىدىن قۇدۇق قېزىشنى ئازايتىپ كونا قۇدۇقلاردىن پايدىلىنىپ قاراماي يۇقىرى - تۆۋەن قاتلام سىستېمىلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، ئىلگىرىكى قاراماي يۇقىرى - تۆۋەن گورۇپپىسىدىكى بىرلەشتۈرۈپ نېفىت ئالغان بىرلەشتۈرۈپ سۇ بەرگەن قۇدۇقلارغا ئاخىرقى كالون چۈشۈرۈپ قۇدۇقنى يېڭىباشتىن مۇستەھكەملەپ، تۆشۈك تېشىپ، قاراماي تۆۋەن قاتلىمىنى ئېچىپ، بىرلەشتۈرۈپ نېفىت ئېلىنىدىغان قۇدۇقلارنى قاراماي تۆۋەن قاتلىمىنىڭ قۇدۇق تورلىرى قىلىپ تەكشۈرۈلدى.
بىرىنچى رايوننى تەكشۈرۈشتە، مۇشۇ تېخنولوگىيە كۆپلەپ ئىشلىتىلىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

(2) قاتلاملارغا بۆلۈپ بېسىم بىلەن يېرىش ئارقىلىق، نېفىت قاتلاملىرىنى ئۆزگەرتىش ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسى.
قاراماي يۇقىرى، تۆۋەن ئىككى چوڭ قاتلامنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيەت پەرقى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، چوڭ قاتلام ئىچىدىكى كىچىك قاتلاملارنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيەت پەرقىمۇ ئىنتايىن چوڭ ئىدى. قاتلاملار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىپ، تۆۋەن ئۆتكۈزۈشچان قاتلامنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى يېتەرلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە سۇ سۈمۈرۈش ئىقتىدارىغا

ئېنىگە قىلىش ئۈچۈن، بىر يۈرۈش قاتلامغا بۆلۈپ بېسىم بىلەن يېرىش تېخنولوگىيىسى ۋە سايمانلىرىنى راۋاجلاندۇردى. مەسىلەن: شارىنىك تاشلاپ بېسىم تاللاش. سىرىلما قاپ ئايرىلىق بېسىم بىلەن يېرىش، ئالدى بىلەن تۆۋەن ئۆتكۈزۈشچان قاتلامدا بېسىم بىلەن يېرىپ تۆشۈك ئېچىشنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، ئاندىن يۇقىرى ئۆتكۈزۈشچان قاتلامدا تۆشۈك ئېچىش قاتارلىق تېخنولوگىيە ۋە ئەسۋابلارنى سىناپ كىرگۈزۈش ئارقىلىق بېسىم بىلەن قاتلام يېرىلمىدىغان ئورنىنى ئۆلچەش قاتارلىق ئۇسۇللار تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. بۇ ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق ھەرقايسى كىچىك قاتلاملارنى يېرىش بېسىمى تېپىلدى. (مەسىلەن: $S_7^4$ قاتارلىق قاتلاملاردا جەزمەن تاق قاتلاملىق بېسىم بىلەن يېرىشنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ يېرىلسا، يارىملىق بولمايدۇ.) ھەرقايسى كىچىك قاتلاملارنى يېرىش قانۇنىيەتلىرى ھەممە مۇناسىۋەتلىك پارامېتىرلىرى بىلىنۋېلىندى ۋە خۇلاسىلاندى.

مۇشۇنداق قىلىپ، نېفىت قۇدۇقلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش ۋە ئۇلارغا سۇ بېرىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى تۆۋەن ئۆتكۈزۈشچان قاتلاملارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بېسىم ئارقىلىق يېرىپ، مۇشۇ تۆۋەن ئۆتكۈزۈشچان قاتلاملارنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلۈشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى مەزگىللەردە چارە - تەدبىر قوللىنىشتىكى قىيىنچىلىقلاردىن خالى قىلىندى.

بۇنداق قاتلاملارغا بۆلۈپ بېسىم تاللاش تېخنىكىسى، ئەينى ۋاقىتتا مەملىكەت بويىچە بىر قەدەر

ئېلىنغان بولۇپ، نېفىت سانائەت مىنىستىرلىكىنىڭ 1964-يىلىدىكى داچىڭ تېخنىكا سۆھبەت يىغىنىدا تونۇشتۇرۇلغان ئىدى.

(3) تۆۋەن مىقداردا سۇ بېرىشكە ماس كېلىدىغان بىر يۈرۈش ئېقىش لىنىيىسى ۋە تېخنولوگىيىسى.

بىرىنچى رايوننى تەكشۈرۈشتىن ئىلگىرى سۇ بېرىش لىنىيىسى «ئېسىلغان پانۇس» شەكىللىك بولۇپ، قۇدۇق يۇيۇش ۋە سۇ بېرىش تۇرۇبىلىرى بىر لىنىيىگىلا ئۇلانغانىدى. يېقىنقى قۇدۇقلارغا سۇ بېرىش مىقدارى تۆۋەن، بېسىمى يۇقىرى بولغانلىقتىن، قۇدۇق يۇغاندا تۇرۇبا بېسىمىنىڭ تەۋرىنىشىنى پەيدا قىلىپ، سۇ بېرىلگەن ئورغۇن قۇدۇقلار ۋە قاتلاملار «سۇنى سىرتقا پۈركۈپ» سۇنىڭ سۈيىتىنى ناچارلاشتۇرۇپ، سۇ بېرىشكە بىۋاستە دەخلى يەتكۈزەتتى. بۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، تەكشۈرگەن چاغدا سۇ بېرىش، قۇدۇق يۇيۇشتىن ئىبارەت بىر-بىرىگە دەخلى قىلمايدىغان ئىككى يۈرۈشلۈك لىنىيىگە ئۆزگەرتىپ ھەم قۇدۇق يۇيۇش خىزمىتىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەم بېسىمىنىڭ تۇراقلىق ۋە سۇ بېرىشنىڭ نورمال بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

سۇنىڭ سۈپىتى جەھەتتە، چوڭ ھەيدەش مىقدارى بىلەن قۇدۇق يۇيۇش، ئۈچ نۇقتىدىن بىردەك ئەۋرىشكە ئېلىش، نېفىت قاتلاملىرىنى ئالدىن بىرتەرەپ قىلىش قاتارلىق چارە-تەدبىرلەر قوللىنىلدى. بېرىلگەن سۇغا ئالتە ناتىرى مېتافوسفات ۋە تەبىئى گاز قوشۇش ئارقىلىق ئوكسىگېنسىزلاشتۇرۇش، يېپىق ئوكسىگېنسىزلاشتۇرۇش قاتارلىق تەدبىر قوللىنىلىپ، بېرىلگەن سۇنىڭ سۈپىتى

ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلىدى. قۇدۇق ئاستىدىن ئەۋرىشكە ئېلىش، سۈمۈرۈش كۆرسەتكۈچىنى قەرەللىك ئۆلچەپ تۇرۇش، راسخودومېرنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلۇپ، باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، نورمال سۇ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىندى.

سۇ بېرىش ئۇسكۇنىلىرى جەھەتتە، شۇ چاغدا 300 ـ B2 تىپلىق دىزېل ماتور، 3 ـ U8 تىپلىق سېفىزلىق ئېرىتمە ناسوسىنى سۆرەيتتى. بېسىمنىڭ تەۋرىنىشىنى ئازايتىش ئۈچۈن، دىزېل ماتور يەتتە كۈندە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلۇپ تۇرۇلدى. ھەر قېتىم ناسوس يەڭگۈشلەشتە بونكىت باشلىقى، تېخنىك خادىملار ھەرقايسى بېرىدىن زادۋىژكىنى پۈتۈن دىققەت ئېتىبارى بىلەن كۆڭۈل قويۇپ باشقۇردى. ھەر قېتىمقى ناسوس يەڭگۈشلەشتە، بېسىمنىڭ تەۋرىنىشى ئىككى ئاتموسفېرا بېسىمىدىن ئېشىپ كەتمىدى.

1 ـ رايوندىكى نېفىت قاتلاملىرىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى ئانچە ياخشى ئەمەس، سۇ سۈمۈرۈش ئىقتىدارى ناچار بولغانلىقتىن، ئەينى ۋاقىتتا، سۇ بېرىلىدىغان قۇدۇق، نېفىت قاتلىمى «قېلىن، چوڭ، راۋان» بولغان جايلاردىن بەلگىلەندى. سۇ بېرىشتە ئالدى بىلەن تۆۋەن ئۆتكۈزۈشچان قاتلاملاردىن تۆشۈك ئېچىلىپ، بېسىم بىلەن يېرىشكە ئۆزگەرتىش قىلىندى. مۇنداق قىلىشنىڭ نەتىجىسى سۇ بېرىلىدىغان قۇدۇقلارنىڭ بەلگىلىك سۇ سۈمۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، نېفىتلىككە سۇ بېرىشتىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ۋە ئۇنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاساس ياراتتى.

(4) يېنىك بېسىم بىلەن تېز ئىشلەش، قۇدۇقنى يۇقىرى سۈر-

ئەت بىلەن سۈپەتلىك رېمونت قىلىش ھۈنەر سەنئەت تېخنىكىسى.

قاراماي نېفىتلىكىدە ئىلگىرى «قۇدۇق چوڭ رېمونت قىلىنسا، مەھسۇلات كۆپ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. كىچىك رېمونت قىلىنسا ئاز تۆۋەنلەيدۇ. مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى تەدبىرى رېمونت قىلماسلىق» دېگەن سۆزلەر تارقالغانىدى. دېمەك، رېمونت خىزمىتىدە بەلگىلىك مەسىلىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. نېفىت قۇدۇقى مەھسۇلاتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى ئاساسەن، قۇدۇق رېمونت قىلغاندا ئىشلەتكەن سىڭمىزلىق ئېرىتمىنىڭ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى يۇقىرى، نېفىت قاتلىمىنى چىلاش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن بولغانلىقىدىن بولغان. تەڭشەش بىرلەشمە جېڭگى باشلىنىشى بىلەن، بىرلەشمە جەڭگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى «يېنىك بېسىم بىلەن تېز ئىشلەش، قۇدۇقنى يۇقىرى سۈرئەت بىلەن سۈپەتلىك رېمونت قىلىش»تىن ئىبارەت ئاممىۋى ھەرىكەتنى قانات يايدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى مەشغۇلات دۈيلىرى ئۆلگە قۇدۇقلارنى تۇتۇشتىن باشلاپ، بىرىنچىدىن رەھبەرلەر، ئىنژېنېر، تېخنىك خادىملار، ئىشچىلار ئۈزارا بىرلىشىشتىن ئىبارەت ئىككى «ئۈچ تەرەپ بىرلىشىش»نى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. لايىھەلەشتىن باشلاپ قول سېلىپ، تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىشنى كەڭ يولغا قويۇپ، قۇدۇق تارىخىنى تەكشۈرۈشتىن تاشقىرى يەنە نەق مەيدانغا بېرىپ نېفىت ئېلىش ئىشچىلىرىدىن يەرئاستى ۋە قۇدۇق كامېرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ ئۇزۇل ـ كېسىل ئېنىقلاپ، قۇدۇق ئاستى ئەھۋالىنىڭ ئېنىق، تەدبىر قوللىنىش مەقسىتىنىڭ توغرا بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئىككىنچىدىن:

مۇشۇ ئاساستا ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدىغان
قۇرۇلۇش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلىپ، ھەرخىل ئەھۋال
ئاستىدىكى ئالدىن ئۆلچەر ۋە تۈرلۈك ماددىي ماتې-
رىياللارنى تەييارلاش خىزمىتى ئوبدان ئىشلەندى. ئۈچىن-
چىدىن: ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەپ، قۇدۇق ئېغىزىنى
ئاچقاندىن كېيىن، ئۈزۈلدۈرمەي مەشغۇلات قىلىنىپ، بىر
قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. ئارىلىقتا توختۇتۇپ
قويۇشقا يول قويۇلمىدى. تۆتىنچىدىن: ئاممىۋى ئۆزلىرى
تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلغان بىر يۈرۈش سۈپەت تەكشۈرۈش
تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇدۇقنى
تاقاپ بېسىمنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، فونتان-
نى بېسىش تېخنولوگىيىسى قوللىنىلىپ، ئېقىم بېسىمى
بولغان ئەھۋال ئاستىدا، فونتان بېسىپ، نېفىت قاتلىمى-
نى «سىغىزلىق ئېرىتمە بىلەن توشقۇزۇلىدىغان» ئىللەتلەردىن
ساقلىنىلدى. شۇ چاغدا، رەھبەرلەر ئېتىبار بەرگەنلىكى،
ئامما چوڭقۇر قوزغىتىلىپ، ھەممە ئادەم قول سالغان-
لىقى شۇنداقلا ئۆلگە ئارقىلىق يول ئېچىش ۋە نەق مەيدان
يىغىنى ئېچىش ئۇسۇلى قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن، قۇدۇقنى
سۈپەتلىك رېمونت قىلىش ھەرىكىتى داغدۇغىلىق بولۇپ،
ئۈنۈمى ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولدى. نۇرغۇن دۇيلەر
رېمونت قىلغان قۇدۇقلىرى ئۆلچەمگە توشمىغان چاغدا
ئۆزلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكشۈردى ۋە قايتىدىن
ئىشلىدى. يادىمىزدا قېلىشىچە، بىر قېتىم 2 - زاۋۇتنىڭ
قۇدۇق رېمونت دۇيى قۇدۇققا نېفىت تۇرۇبىسىنى چۈشۈر-
ۋەلگەن، بىرلەشمە جەڭگە قوماندانلىق قىلىش شتابى شۇ
كۈنى كېچىدە نېفىت ئېلىش 2 - زاۋۇتتا ئاممىۋى يىغىن

ئاچتى. باش ئىنژېنېر جاڭ يى يېقىندا ئالدى بىلەن ئۆزىنى تەنقىد قىلدى. زاۋۇت رەھبەرلىرىمۇ ئۆزلىرىنى تەكشۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئىشچىلار تېخىمۇ تەسىرلىنىپ، ھەممە ئادەم تەربىيە ئالدى. ئۇلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن قۇدۇق رېمونت قىلىش سۈپىتىنى ياخشىلايمىز دېيىشتى.

(5) «ئالتىغا بۆلۈش، تۆتتە ئېنىق بولۇش» ھۈنەر-سەنئەت تېخنىكىسى.

تەڭشەش بىرلەشمە جېڭىدا سۇنى بۆلۈپ بېرىش، نېفىتنى ئايرىم-ئايرىم ئېلىش تەلىپىگە ئاساسەن، پەن-تەتقىقات دادۈيىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا بىر يۈرۈش قۇدۇق ئاستى سايمانلىرىنى لايىھىلەپ سىناق قىلدى. سۇ بېرىشتە سۇنى بۆلۈپ بېرىش پاكېرى، كاۋاك سۇ تەڭشىمىلىگۈچ، نېفىت تۇرۇبىسى ۋە كالونىغا سۇنى بۆلۈپ بېرىش تېخنولوگىيىسىنى قوللاندى. نېفىت ئېلىشتا نېفىتنى قوش تۇرۇبىدىن ئايرىم-ئايرىم ئېلىش ھەم نېفىت تۇرۇبىسى ۋە كالوندىن نېفىتنى ئايرىم-ئايرىم ئېلىش تېخنولوگىيىسىنى قوللاندى. بۇ، تېخنولوگىيىلەر ئەينى ۋاقىتتا بەزى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

(6) كىچىك قاتلاملارنىڭ ھالىتىنى ئانالىز قىلىش.

كىچىك قاتلاملارنىڭ ھالىتىنى ئانالىز قىلىش

كىچىك قاتلاملارنىڭ ھالىتىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن تەتقىقات ئورنى بىلەن نېفىت ئېلىش زاۋۇتلىرىدىكى گېئو-لوگ تېخنىك خادىملار بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ، كەڭ نېفىت ئېلىش ئىشچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئانالىز قىلىپ، قانۇنىيەتنى ئىگىلىدى. نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش ئۈچۈن، بەزىدە



www.uyghurkitap.com

ئىشچىلار بىلەن تېخنىك خادىملار بىرلىكتە ئۆلچەش پونكىتىدە 24 سائەت ئۇلاپ ئۇدا نېفىت ئۆلچەپ، بىر-نەچچە مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى نېفىت چىقىش ئەگرى سى-زىقىنى سىزىپ چىقىپ، قانۇنىيەتنى ئىگەللەش ئاساسىدا، نېفىت قۇدۇقلىرىنى باشقۇرۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى. كەڭ نېفىت ئىشلەش ئىشچىلىرى ئانالىز قىلىش، يەر ئاستىغا «بۆسۈپ كىرىش» ئۆلچەملىك قۇدۇقلارنى، ئۆلچەملىك پون-كىتلارنى باھالاشتىن ئىبارەت ئاممىۋى ئانالىز قىلىش، باھالاش پائالىيىتىنى قوزغاپ، نېفىت قۇدۇقلىرىنى باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە ئىنتايىن ياخشى رول ئوينىدى.

**3. قوشۇن چېنىقتۇرۇلۇپ، ئىستىل ياخشىلىنىپ، تېخنىكا ساپاسى ئۆستۈرۈلدى.**

ئەينى ۋاقىتتا، پۈتۈن ئىدارە بويىچە 1-رايوننى تەڭشەش ھەركەز قىلىنىپ، باشتا خىزمەتلەر ئىلگىرى سۈرۈلدى. بىرلەشمە جەڭگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى دەسلەپتە 1-رايوننىڭ شەرقىدە تۇرغانىدى. كېيىن نېفىت ئىشلەش 3-زاۋۇتقا كۆچۈپ باردى. رەھبەرلەردىن ئادەتتىكى كادىرلارغىچە ھەركۈنى ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەھۋالنى ئىگەللەپ، خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلدى. شۇ چاغدا، ئىدارە بىرلەشمە جەڭگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى بىلەن نېفىت ئىشلەش 2-زاۋۇت رەھبەر-لىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى 1-8 پونكىتىدىكى يېرىمى يەر ئاستىدا تۇرىدىغان سەي گەمىسىدە تۇرۇپ، سۇپىدا ياتتى. تاماق يېگەندە ئۈستەل بولمىغاندا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېدى. كۈندۈزى نەق مەيدانغا بېرىپ، كېچىدە خىزمەتنى خۇلاسىلاش، ئانالىز قىلىش، مۇھاكىمە

قىلىش ئىشىنى ئىشلىدى. ھەممە ئادەم كۆتۈرەڭگۈ روھ، خۇشال - خۇراملىق بىلەن ئىشتىن قايتىشىپ، ھەمكارلىشىپ تەڭشەش بىرلەشمە جەڭنى ئوبدان قىلىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلدى. شۇ چاغدا چېگدۇ گېئولوگىيە ئىنىستىتۇتىنىڭ پىروپېسورى لوجېتەن ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ قارامايغا پىراكتىكىغا كەلگەنىدى. ئۇلار تېخنىكىلاردىن تارتىپ مۇدىر ئىنژېنېرلارغىچە نەق مەيداندا مۇشۇنداق ئۆيدە تۇرۇپ، بۇنداق ناچار شارائىت ئاستىدا خىزمەتكە ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇپ، ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ قىلچە زارلانمىغانلىقىنى، كەڭ ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى، جاپا - مۇشەققەت ۋە ۋاقىت بىلەن ھېسابلاشماي، پەقەت خىزمەتكە ئېھتىياجلىق بولىدىكەن كېچە - كۈندۈز دېمەي ئىشلەيدىغانلىقىنى كەيپىياتى ئىنتايىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى كۆردى. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. ئۇلارنى ئىنتايىن چوڭ تەربىيىگە ئىگە قىلدى.

بىرلەشمە جەڭدە ئاساسىي ماھارەت مەشىق قىلىش، تېخنىكا ئۆگىنىش، تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كەسىپ دائىرىسىگە ماسلاشتۇرۇپ، مەشغۇلات دۆۋىلىرى، رېزبا بوشىتىش - چىڭىتىش، قۇدۇق ئېغىزىنى جىددىي قۇراشتۇرۇش ماھارىتىنى مەشىق قىلدى. بەزى ئىشچىلار قوللىرى قاپىرىپ كەتسىمۇ توختاتمىدى؛ نېفىت ئېلىش دۆۋىلىرى موم تازىلاش پىچىقىنى ئۇلاش، زادۋىژكىنى ئېچىش، تاقاش ماھارىتىنى مەشىق قىلدى؛ سۇ بېرىش ئىشچىلىرى ناسوس يەڭگۈشلەش، ئەۋرىشكە ئېلىش،

لابوراتورىيەدە ئانالىز قىلىش قاتارلىقلارنى مەشىق قىلدى. بىرلەشمە جەڭ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قەرەللىك مۇسابىقە ئۇيۇشتۇرۇپ باھالاپ تۇردى. يادىمدا قېلىشىچە، ئىدارە ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا ئىككى قېتىم چوڭ مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلغانىدى. بۇنداق پائالىيەت داۋاملىق ئۇزۇن مۇددەت قانات يايدۇرۇلغانلىقتىن ئىشچىلارنىڭ ئاساسىي ماھارىتىنىڭ ئۆسۈشى ئىنتايىن تېز بولدى. مۇشۇنداق قىلىش ئەينى ۋاقىتتىكى تەڭشەش خىزمىتىدە ئىنتايىن ياخشى تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

يىگىرمە يىل ئۆتۈپ كەتتى. ھازىر بىزدەك 60 - يىللاردىكى يىگىتلەرنىڭ چېچىغا ئاق كىردى. لېكىن شۇ چاغلارنى ئەسلىگەندە، ئۆزىمىزنى ئەينى يىللاردا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىمىز. قەلبىمىز ئىللىپ كېتىدۇ. بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدىكى ئۇنتۇلماس بىر ئەسلىمە بولۇپ، يادىمدىن مەڭگۈ كۆتۈرۈلمەيدۇ.

1983 - يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى داگاڭ نېفىتلىكىدە يېزىلدى.

قابىدىن تەرجىمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قاراماي نېفىتلىكىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى بەزى ئەھۋاللاردىن ئەسلىمە

شى جىيى

1960-يىلىنىڭ بېشىدا قاراماي نېفىت كانىدا نېفىتلىك تەتقىقات دادۈيى قۇرۇلۇپ، مۇناسىۋەتلىك گېئولوگىيە، گېئوفىزىكا، قۇدۇق ئۆلچەش خادىملىرىنى تەشكىللەپ، قاراماي نېفىتلىكىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن گېئولوگىيىلىك قۇدۇق خاتىرىلەش، قۇدۇق ئۆلچەش، لابراتورىيىلىك ئانالىز قىلىش، شۇنىڭدەك نېفىت سىناش قاتارلىق تۈرلۈك ماتېرىياللارنى بىرلىكتە تەتقىق قىلدى. دادۈيگە قاراشلىق يەر قاتلىمى، ستروكتورا، گاز، سۇ، نېفىت قاتلىمىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى، نېفىت، گاز زاپىسىنى ھېسابلاش قاتارلىق گۇرۇپپىلار تەسىس قىلىندى. مەن شۇ ۋاقىتتا نېفىت قاتلىمى فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىدا ئىشلەيتتىم. بۇ گۇرۇپپىنىڭ ۋەزىپىسى نېفىت قاتلىمىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى ئىككى تەرەپتىن ئېنىقلاپ، زاپاس مىقدار گۇرۇپپىسىغا نېفىت، گازنىڭ زاپاس مىقدارىنى ھېسابلايدىغان پارامېتىر

يەتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى: بىرىنچىدىن كېرىندىن ئەۋرىشكە ئېلىپ ئانالىز قىلىنغان فىزىكىلىق خۇسۇسىيەت مەلۇمات جەدۋەل ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسەن نېفىت قاتلىمىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلىش، ئىككىنچىدىن قۇدۇق ئۆلچەش ماتېرىياللىرى ئارقىلىق نېفىت قاتلىمى فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىش. ئالدى بىلەن ئېلېكتىرلىق خۇسۇسىيەت پارامېتىرى بىلەن نېفىت قاتلىمى-نىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ مۇناسىۋەت ئەگرى سىزىقىنى سىزىپ چىقىپ، ئاندىن قۇدۇق ئۆلچەش ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، ھەرقايسى قۇدۇقلارنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيەت پارامېتىرىنى ھېسابلاپ، ئۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلاملاردىكى ۋە تەكشىلىكتىكى ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى تەتقىق قىلىناتتى.

نېفىتلىك تەتقىقات دادۇيىنىڭ نېفىت قاتلام فىزىكىلىق خۇسۇسىيەت گۇرۇپپىسى يېرىم يىلدىن كۆپرەك جاپالىق ئىشلەپ، 300 دىن كۆپرەك قۇدۇقنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى ئانالىز قىلىش ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ چىقىپ، رايونلارغا، قاتلاملارغا بۆلۈنگەن ھەرخىل فىزىكىلىق خۇسۇسىيەت پارامېتىرىنىڭ ئۆزگىرىش دائىرىسىنى ۋە ئوتتۇرىچە قىممىتىنى ھەمدە ھەرقايسى فىزىكىلىق خۇسۇسىيەت پارامېتىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزگىرىش مۇناسىۋىتى-نى ئىستاتىستىكىلىدى. شۇنداقلا فىزىكىلىق خۇسۇسىيەت پارامېتىرى بىلەن قۇدۇق ئۆلچەش پارامېتىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىستاتىستىكىلىدى ۋە ئانالىز قىلدى. قۇدۇق ئۆلچەش ماتېرى-ياللىرىدىن پايدىلىنىپ 1-، 2-، 7- رايوندىكى مىڭدىن ئارتۇق قۇدۇقنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيەت پارامېتىرىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

ئاساسلىقى نېفىت قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقىنى، ئۆتۈنۈشلىك كاۋاكلىق دەرىجىسى، نېفىت قاتلىمىنىڭ نېفىتكە تويۇنۇش دەرىجىسىدىن ئىبارەت ئۈچ پارامېتىرىنى ھېسابلاپ، زور مىقداردىكى كىچىك قاتلاملارغا ئايرىلغان تەكشىلىك تەڭ قىممەت خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىپ، نېفىت قاتلىمىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىپ، رايونلارغا، قاتلاملارغا بۆلۈنگەن ئوتتۇرىچە قىممىتىنى ھېسابلاپ، زاپاس مىقدارىنى ھېسابلاشنى پارامېتىر بىلەن تەمىنلىدى. ئەمما كېرىن ئېلىشتا ئىشلىتىلگەن سوۋېتلىكلەرنىڭ سىدىك كېرىن ئېلىش كالونكىسىنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، پەقەت 30% ئەتىراپىدا؛ ئېلىنغان كېرىننىڭ ھەممىسى ئۇششاق قۇمتاش ۋە ئەشمە قۇمتاش بولۇپ، ئاساسلىق قىلىنغان ئۆتكۈزۈشچانلىقى ھەممىسىنىڭ بىر مىللىي دارسىدىن تۆۋەن بولۇپ، نېفىت قاتلىمىنىڭ ئەسلىي ئەھۋالىغا ۋەكىللىك قىلالمايتتى. شۇڭا بىز ئۇرغۇنلىغان خىزمەت ئىشلەپ بەزى نېفىت قاتلاملىرىنىڭ ئەھۋالىنى شۇنىڭدەك ئۆزگىرىشىنى بىلگەن بولساقمۇ، لېكىن نېفىت قاتلام ئەھۋالىغا ھەقىقىي تولۇق ۋەكىللىك قىلالايدىغان ماتېرىيال بولمىغانلىقتىن نېفىت مىنىستىرلىكى بۇ تەتقىقات دوكلاتىغا ھەمدە شۇ ئاساستا ئېلىپ بارغان زاپاس مىقدار ھېساباتىغا قوشۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نېفىتلىكنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلۈشى ۋە سۇ بېرىشنى سىناق قىلىشنىڭ كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ بەزى زىددىيەتلەر پەيدا بولدى. بۇ بىزگە «چوقۇم نېفىت قاتلاملىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىپ ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك» دېگەن ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. نېفىت مىنىستىرلىكىنىڭ يوليورۇقى بويىچە، ئىدارە

رەھبەرلىكى قارامايدىكى ئاساسلىق رايون بۇرغىلىرىدە
50 كە يېقىن باھالاش قۇدۇقى (يەنى تەكشۈرۈش قۇدۇقى)
ئورۇنلاشتۇردى. بۇ قۇدۇقلارغا تەكشۈرۈش 1 ـ دىن تەكشۈرۈش
49 ـ غىچە نومۇر قويۇشنى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن
قاراماي نېفىتلىكىنى ئەمەلىي يوسۇندا تەتقىق قىلىشنىڭ
مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. ئۇنداقلا تەتقىقات ئورنى قۇرۇلۇپ،
بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى.

بۇ تۈركۈمدىكى تەكشۈرۈش قۇدۇقلىرىغا قېزىۋېلىنغان
تەلەپ ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، نېفىت قاتلام ئورنىنىڭ
ھەممىسىدىن كېرىن ئېلىش، ئۈنۈمى 95% تىن يۇقىرى
بولۇش، قىزىتاش قۇرامتاشلارنىڭ ھەممىسىنى ئانالىز
قىلىش، لابراتورىيىدىن ئۆتكۈزۈش، ئانالىز تۈرى تولۇق
بولۇش تەلەپ قىلىنىدى. شۇڭا بۇرغىلاش ئىشچىلىرى
كاناي شەكلىدىكى كېرىن ئېلىش تېخنىكىسىنى ئىجات قىلدى.
ئۇنىڭ دىئامېتىرى 12 سانتىمېتىر بولۇپ، كېرىن ئېلىش
ئۈنۈمى ئومۇميۈزلۈك ئۆسۈپ 95% ـــ 100% گە يېتىپ،
قاراماي نېفىتلىكىگە ھەقىقى ۋەكىللىك قىلالايدىغان
قۇرامتاش كېرىنى ئېلىنىپ، نېفىت قاتلىمىنى بىلىش ۋە
ئانالىز قىلىش ئۈچۈن ماددى ئاساس يارىتىپ بېرىلدى.

بۇ قىممەتلىك نېفىت قاتلام كېرىنلىرىنىڭ رولىنى
تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنى كۆز
بىلەن بىۋاستە كۆرۈپ خاتىرىلىنىپ، ئۆتكەندىكى بىر قەدەر
ئاددى خاتىرىلەش ئەھۋاللىرى ئۆزگەرتىلىپ، قۇرامتاشلارنىڭ
ئەھۋالىغا قاراپ كېرىننى خاتىرىلەش قائىدىسى
بەلگىلىنىپ، جىنىسلارنىڭ دانىچىلىشىش دەرىجىسى، تەركىۋى،
يېپىشقاقلىقى، نېفىت ساقلاش خۇسۇسىيىتىنى دەرىجىگە

ئايرىش، شۇنىڭدەك جىنسنىڭ قەۋەتلىنىشى، بۆلەكلەنمىلىكى، يېرىلمىمالىقى قاتارلىق ئۇششاق تۈزۈلۈشى خاتىرىلىنىپ، كېرىننىڭ بەش سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى جىنىس خۇسۇسىيىتىدە ئۆزگىرىش بولسىمۇ بۆلەكلەرگە ئايرىپ خاتىرىلەندى. ھەممىدە كېرىننىڭ 1/50 لىك ئۆزۈكسىز كەسمە يۈزلىك خەرىتىسى سىزىپ چىقىلدى.

ئەينى ۋاقىتتا قۇرامتاشنى ئانالىز قىلىشمۇ بىر يېڭى تېما ئىدى. ئانالىز قىلىش، لابوراتورىيىدە تەكشۈرۈشتىمۇ بىر قاتار ئۆتكەللەر بۆسۈپ ئۆتۈلۈپ، چوڭ ئەۋرىشكە قىلىنغان قۇرامتاشنى ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى تېپىپ چىقىلدى.

مۇنداق بىر تۈركۈم تەكشۈرۈش قۇدۇقىغا ئۆلچەش، سىناش جەھەتلەردىمۇ يېڭى تەلەپلەر (ئوتتۇرىغا قويۇلدى. كىچىك قاتلاملارغا ئايرىپ نېفىت سىناش، بولۇپمۇ نېفىت - سۇ چېگرىسى قاتلىمىدا نېفىت سىناش تەلەپ قىلىندى. نېفىت سىنالمىدىغان قاتلام ئورنىنى دۇزەكىرە قىلىشتىن ئىلگىرى توك بىلەن ئۆلچەش ماتېرىياللىرى ئارقىلىق نېفىت قاتلىمىنى چۈشەندۈرىدىغان سىخېمىلارنى ياساپ چىقىپ، چېگرا قاتلاملارنى تاللاش ئۈچۈن ئىلمىي ئاساس يەتكۈزۈپ بېرىشكە توغرا كېلەتتى. ھەرقايسى نېفىت سىنىلىدىغان قاتلاملارنىڭ تۆشۈك ئېچىلىدىغان قۇدۇق بۆلەكلىرىگە نېفىت سىناش باسقۇچى، تېخنولوگىيىلىك ئىش تەرتىپى، ئېلىشقا تېگىشلىك ماتېرىياللار، شۇنىڭدەك ئۈنۈملۈك نەتىجىسى تەلەپكە ئۇيغۇن بولغان - بولمىغانلىقى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قوللىنىدىغان تەدبىر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى نېفىت سىناش گېئولوگىيە، قۇرۇلۇش،

نېفىت ئۇۋۇسى قېزىۋېلىشى ۋە قۇدۇق ئۆلچەش - ئانالىز قىلىش خادىملىرى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن بىر قارارغا كېلەتتى.

قۇدۇق ئۆلچەش ماتېرىياللىرىمۇ ناھايىتى مۇھىم تەرەپلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى تېخنىكا سەۋىيىسى ئاساسىدا ئىمكانقەدەر تولۇق، توغرا بولۇش تەلەپ قىلىنىدى. قۇدۇق ئۆلچەش ماتېرىياللىرى 1/500 لىك ئۆلچەملىك قۇدۇق ئۆلچەش ئەگرى سىزىقى، 1/200 لىك توغرا يۆنىلىشلىك قۇدۇق ئۆلچەش، 1/50 لىك مىكرو-ئېلېكترودلۇق ئەگرى سىزىق (قوشۇمچە: كېرىننىڭ كەسمە يۈزىنى ئىپادىلەش) ھەمدە 1/200 لىك رادىئوئاكتىپلىق قۇدۇق ئۆلچەش ئەگرى سىزىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

يۇقىرىدىكىدەك قۇدۇق بۇرغىلاپ كېرىن ئېلىش، كېرىننى خاتىرىلەش، ئانالىز قىلىش، لابراتورىيىدە تەكشۈرۈش، قۇدۇق ئۆلچەش، نېفىت سىناش ئارقىلىق زور مىقداردىكى بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە بولدۇق. بۇ بىر تۈركۈم ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان، نېفىت قاتلىمىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئاساس ماتېرىيال بولۇپ، بۇ ماتېرىياللار نېفىت قاتلاملىرىنى بىلىش، ئانالىز ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ ئاساسى ئىدى.

نېفىتلىك تەتقىقات دادۈيىنىڭ خىزمىتى ئاياقلاشقاندىن كېيىن 1961 - يىلى نېفىتلىك تەتقىقات ئورنى قۇرۇلۇپ، ئۇ، ئونىۋېرسال گېئولوگىيە ئىشخانىسى، نېفىتلىكنى ئۆزلەشتۈرۈش ئىشخانىسى، گېئولوگ لابراتورىيىسى، چېرتيوژ ئىشخانىسى ھەم مەمۇرىيەت باشقۇرۇش

قاتارلىق تارماقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى. گېئولوگ ئىشخانىسىدىكىلەرنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى يۇقۇرقى بىرنەچچە جەھەتتىكى گېئولوگىيە ماتېرىياللىرىنى ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىش، نېفىت قاتلاملىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئېنىقلاش، نېفىت قاتلاملىرىنىڭ ھەرقايسى كىچىك قاتلاملىرىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى نېفىت، گاز، سۇلارنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتىنى ھەمدە ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى، ئىستروكتورلۇق فورماتسىيىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىشلەشكە، نېفىت قاتلىمىدىكى نېفىت - گازنىڭ زاپاس مىقدارىنى ھېسابلاشقا، نېفىتلىكنى ئۆزلەشتۈرۈشكە كىرىشتۈرۈشنىڭ گېئولوگىيىلىك ئاساسىنى ھەمدە نېفىتلىكنى ئۆزلەشتۈرۈشكە كىرىشتۈرۈشنى گېئولوگىيىلىك ئاساس بىلەن تەمىنلەشكە شۇنىڭدەك نېفىتلىكنى ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىدا نېفىتنىڭ ھالىتىدىكى تىنچ ھالەتلىك پارامېتىرنى ئانالىز قىلىپ چىقىشقا مەسئۇل بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

تەكشۈرۈش قۇدۇقلىرىدىن ئېلىنغان كېرىننى ئانالىز قىلىش، نېفىت سىناش ماتېرىياللىرى ۋە قۇدۇق ئۆلچەش ماتېرىياللىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىكى مەسىلىلەر ھەل قىلىندى:

1 - قۇدۇق ئۆلچەش ماتېرىياللىرى ئارقىلىق جىنىس خۇسۇسىيىتىنى ئايرىپ، قارامايى نېفىتلىكىنى رايونلارغا ئايرىش، قاتلاملارغا ئايرىشتا قىسقا پوتېنسىياللىق سىلىشتۇرما ئېلېكتىر قارشىلىقىدىن پايدىلىنىپ، قورامتاش، ئۇششاق قۇمتاش، ئەشمە قۇمتاش ھەمدە گىلتاشنىڭ ھەر دەرىجىسىنىڭ چېگرىسى ئايرىپ

چىقىلدى. مۇشۇ چەك - چېگراغا ئاساسەن 1-، 2-، 7- رايونلاردىكى 200 گە يېقىن قۇدۇققا قۇدۇق ئۆلچەش ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ جىنىس خۇسۇسىيىتىنى ئايرىپ چىقتى ھەمدە جىنىس خۇسۇسىيىتىنىڭ تەكشى يۈزلىك تارقىلىش سخېمىسى سىزىپ چىقىلدى.

2 - كېرىننى كۆز بىلەن كۆرۈپ خاتىرىلەش، كېرىننى ئانالىز قىلىش ماتېرىيالى (كاۋاكلىقى، ئۆتكۈزۈشچانلىقى) يەككە قاتلامدا نېفىت سىناش ماتېرىيالى ۋە ئۇنىۋېرسال قۇدۇق ئۆلچەش ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن قارامايى قۇرامتاش-لىق نېفىت قاتلىمىنىڭ ئۈنۈملۈك قېلىنلىقىنى تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى تېپىلىپ، نېفىت قاتلىمىنى ئايرىش ئۆلچىمى ھەم نېفىت قاتلىمىنىڭ چوققىسى ئاستىدىكى چېگرا يۈزىنى ئايرىش، قىستۇرما قاتلامنى چىقىرىۋېتىش ئۇسۇلى تۈزۈپ چىقىلىپ، قارامايدىكى ھەرقايسى رايونلار-نىڭ گېئولوگىيىلىك زاپاس مىقدارى ھېسابلاپ چىقىلدى.

3 - قۇدۇق ئۆلچەش ماتېرىيالى ھەم كېرىن ئانالىز قىلىش كاۋاكلىقى، ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى ھەمدە قۇدۇق سىناش ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ، توك بىلەن ئۆلچەش پارامېتىرى بىلەن نېفىت قاتلىمىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيەت پارامېتىرىنىڭ مۇناسىۋەت ئەگرى سىزىقى (كاۋاكلىقى، ئۆتكۈزۈشچانلىقى، تويۇنۇشچانلىقى) سىزىپ چىقىلىپ، قارامايدىكى ھەرقايسى رايونلارنىڭ نېفىت قاتلام فىزىكىلىق خۇسۇسىيەت پارامېتىرى ھېسابلاپ چىقىلىپ، زاپاس مىقدارنى ھېسابلاشتىكى پارامېتىرنى تاللىۋېلىش ھەم نېفىت قاتلىمىنىڭ ئۇششاق قاتلام ھەرىكەت ھالىتىنى ئانالىز قىلىش ئۈچۈن ئاساس سالدى.

4 - تەجرىبىخانىلاردا مەزكۇر رايوننىڭ قۇرامتاش ئەۋرىشكىسى ئارقىلىق ئېلېكترولىزلىق خۇسۇسىيەت ۋە فىزىكىلىق خۇسۇسىيەت ئۆلچەپ بېكىتىلىپ، مەزكۇر رايوننىڭ تەجرىبە قىلىنىدىغان مۇناسىۋەت ئەگرى سىزىقى سىزىپ چىقىلدى. يۇقۇرىدىكى بىرنەچچە تەرەپلەر يەنى تەكشۈرۈش قۇدۇقلىرىنى قازغاندىن كېيىن قۇدۇق ئۆلچەش، گېئولو- گىيىلىك ماتېرىياللارنى ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر بولسۇن، شۇنىڭدەك ئىزدىنىپ تاپقان بىر يۈرۈش تەتقىق قىلىش ئۇسۇللىرى بولسۇن كېيىنكى قارامايى نېفىتلىكىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى.

1961 — 1962 - يىللىرى دۆلەت ئۈچ يىللىق قىيىنچىلىق تارتقان مەزگىلنىڭ ئاخىرقى ئىككىنچى يىلى ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ھېچقانداق يېڭى ئۈسكۈنىلەر يوق بولۇپ، تۇرمۇشتىمۇ نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلار باردى. لېكىن گېئولوگ، ئىنژېنېر، قۇدۇق ئۆلچەش پەن - تەتقىقات خادىملىرى كەڭ نېفىت ئىشچىلىرى بىلەن بىرلىكتە، مۇستەقىل، ئۆز - ئۆزىمىزگە خوجا بولۇپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، ئېلىمىزنىڭ بىرىنچى چوڭ نېفىتلىكى- نى ياخشى قۇرۇپ چىقىش يولىدا دۆلەتكە شان - شەرەپ يارىتىش ئارزۇسى بىلەن تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كېچە - كۈندۈز كۆرەش قىلىپ، ئاخىرى نېفىتلىك تەتقىقاتىدا تۆھپە قوشتى. ئۇلار كۆك ئاسماندىكى يالتىراپ تۇرغان توپ يۇلتۇز- لارغا ئوخشاش مېنىڭ قەلبىمدە مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدۇ، خالاس.

1983 - يىلى 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىسمايىل ئۆبۇل

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مايتاغ نېفت كانى

## قابىدوللا

هەر قانداق تارىخنىڭ ۋارىسچىللىقى ۋە ئىزچىللىقى بولىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مايتاغ نېفت كانىنى ئېنىق سۆزلەش ئۈچۈن، مۇشۇ مەزگىلنىڭ ئالدى كەينىدىكى ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمىشىم زۆرۈر.

مەن 1941 - يىلى 10 - ئايدا مايتاغقا كېلىپ ئىشچى بولدۇم، ئىككىنچى يىلى يەنى 1942 - يىلى 1 - ئايدا، مايتاغ نېفىت تايرىش زاۋۇتىدا يىللىق نېفت پىششىقلاش ئىقتىدارى 70 مىڭ توننا بولغان بىر يۈرۈش تۇرۇبىلىق نورمال بېسىمدا چەككىلەش قۇرۇلمىسى ياسالدى. بۇ بىر يۈرۈش ئىلغار نېفت ئايرىش قۇرۇلمىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، 1936 - يىلى ياسالغان يەرلىك ئۇسۇلدا نېفت چەككىلەيدىغان ئىككى قازان ئىشلىتىلىشتىن توختىتىلدى. يېڭى قۇرۇلما ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈش بىلەنلا كاچىگارلىققا تەقسىم قىلىندىم، مەن بىللە كاچىگار بولغان ئىبراھىم زۇنۇن ھازىرمۇ ھايات، شىخو ناھىيىسىدە تۇرىدۇ.

شۇ چاغدىكى نورمال بېسىمدا چەككىلەش سېخىدا 30 دەك كىشى بولۇپ، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ باش ئىنژېنېرى سوۋېتلىك يېرسكى بولۇپ، ۋارلوف، سادىقوف قاتارلىقلار مۇئاۋىن ئىنژېنېر ئىدى. سېختا جۇڭگو تەرەپ خادىملىرىدىن ۋېي شيۇتاۋ، لۇدەي، ياڭ چيمىڭ قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدا نورمال بېسىمدا چەككىلەش سېخىدىن باشقا يەنە لابوراتورىيە، رېمونت قىلىش سېخى، ئېنېرگىيە يەتكۈزۈپ بېرىش سېخى (بەش پار قازىنى، ئىككى دىزېل ماتور بار)، كاچالكا سېخى، ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى قاتارلىقلار باردى. پروتوكول نېفىت كانىدا بۇرغىلاش، نېفىت ئېلىش ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندا تەخمىنەن 700 — 800 كىشى باردى.

1943 - يىلى 3 - ئايدا، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى پۈتۈنلەي توختىتىلدى، 6 - ئايدا، سوۋېت تەرەپ ئورۇبىلىق نورمال بېسىمدا چەككىلەش قۇرۇلمىسىنىڭ ھەممىسىنى چۇۋۇپ ئېلىپ كەتتى. سوۋېت تەرەپ يەرلىك ئۇسۇلدا نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىگە چېقىلمىدى، ئۇ ئەسلىدىكى پېتىچە ساقلىنىپ قېلىۋەردى. نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدىكى ئىشچىلارنىڭ بىر قىسمى زاۋۇتنىڭ كۆيتۈڭدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئاپىرىلدى، بىر قىسمى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. شۇ چاغدا خەنزۇ ئىشچىلاردىن لاۋشەن، قاتارلىق كىشىلەر، مىللىي ئىشچىلاردىن ئوپا، بېكغازى، زەپەن، ئەيسا مۇسايوف قاتارلىق كىشىلەر قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە سولاندى.

مېنى كولىيتوك دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئاپىرىپ ئەمگەككە سالدى. بىر قېتىم، مەن شادىيەنزىگە بېرىپ يەر ئاغدۇردۇم، شۇ چاغدا مەن كېسەل بولغاچقا، ساپاننى باشقۇرالماي ئېتىزلىقتا يىقىلىپ چۈشتۈم، موللاق دېگەن بىر گوڭتۇ (ئىش بېشى) مېنى ھورۇنلۇق قىلدىڭ دەپ ئۇرۇپ - تېپىپ تازا دۇمبالىدى، مەن بىلەن بىللە يەر ھەيدەۋاتقان بەزى قازاق، ئۇيغۇر قېرىنداشلار چىداپ تۇرالماي، بىرلىكتە گوڭتۇنىڭ راسا جاجىسىنى بەردى. موللاق دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقىغا مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز قىلدى. ئۇلار ساقچى ئېۋەتىپ مېنى ئۇدا بىر نەچچە قېتىم سوراق قىلدى. مەندە بىر ئاز قورقۇنۇچ پەيدا بولدى، كۆپچىلىكمۇ ماڭا بۇ يەردىن تېز كەتكىن، بولمىسا ئۇلار سېنى تۇتۇپ كېتىدۇ دەپ نەسىھەت قىلدى. 1943 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، مەن كولىيتوك دېھقانچىلىق مەيدانىدىن قېچىپ چىقىپ، شىخودىكى دەي يۇفۇ دەيدىغان بىر خەنزۇ بايىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مەدىكار بولۇپ، شۇ يەردە 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلىدىم.

1943 - يىلى 6 - ئايدا سوۋېت تەرەپ تۇرۇبىلىق نورمال بېسىمدا چەككلەيدىغان قۇرۇلمىنى چۇۋۇپ ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ئاساسەن پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. لېكىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەنىلا ماي ئىشلىتىدىغان بولغاچقا، ئىشچىلارنى يەنە يىغىپ، 1936 - يىلى ياسالغان ئىككى يەرلىك نېفىت ئايرىش قازىنىدا، 1945 - يىلى 9 - ئايغىچە نېفىت ئايرىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوشۇنى

شىنخۇ، مايتاغنى ئېلىش ھارپىسىدا نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرى زاۋۇت تەرەپنىڭ تەھدىت سېلىش زورلىشى بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىلدى. پەتتاخ قاتارلىق مىللىي ئىشچىلار شىنخۇدىكى تۈرمىگە سولاندى، كېيىن مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىندى.

1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسىنىڭ مايۇرى ئايداربېك قوشۇنلىرىنى باشلاپ مايتاغقا كىرىپ، مايتاغ نېفىت كانىنى ئىدارە قىلدى. شۇ مەزگىلدە، مايتاغ نېفىت كانىدا بىر ئىشچىمۇ قالمىغان ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئىلگىرى نېفىت كانىدا ئىشلىگەن ئىشچىلارنى زاۋۇتقا قايتىپ كېلىشكە چاقىر-دى. ئۇقتۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن 50 — 60 تەك كىشى زاۋۇتقا قايتىپ كەلدى، مەنمۇ شىنخۇدىن مايتاغ-قا كەلدىم. ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ رەھبەر-لىكىدە، بىز نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق.

شۇ چاغدا نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدا ئىش باشلاشقا قاتناشقان 20 دىن ئارتۇق ئىشچى بولۇپ، مەسئۇللىرى توقتارخازى بىلەن مىرزاباي ئىدى. يەنىلا شۇ 1936 - يىلى ياسالغان ئىككى نېفىت ئايرىش قازىنى ئىشلىتىلدى، بىر قازانغا 4.5 توننىدىن ئىككى قازانغا 9 توننا نېفىت قاچىلىغىلى بولۇپ، 3 توننا بېنزىن، 1.5 توننا كېروسىن، 0.5 توننا سالياركا ئايرىپ چىقات-تى، قالغانلىرى قالدۇق مازوت ئىدى. ئىش باشلاش

بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق بولۇپ، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلدى، ھەربى ئىدارە قىلىش كومىتېتى تۇقتارغازى بىلەن مىرزابايغا كۈمۈش مېدال بەردى. باشقىلارغىمۇ ماددىي مۇكاپات بەردى.

بىراق تۇقتارغازى بىلەن مىرزاباي زاۋۇتنى ياخشى باشقۇرالمىدى. مەن 1946 - يىلى 8 - ئايدا نېفىت ئايرىش سېخىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە تېخنىكى بولۇپ تەيىنلىنىپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋالدىم.

ئېسىمدە قېلىشىچە شۇ ۋاقىتتا نېفىت ئايرىش زاۋۇتى بېنزىن، كىرسىن، سالياركا ئىشلەپچىقارغاندىن سىرت، يەنە يەرلىك ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ سەلىمدول ئىشلەپچىقىرىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قاتناش ترانسپورتىغا كېرەكلىك مايغا كاپالەتلىك قىلدى، ھەربى ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە باشقۇرۇشىدا مايتاغدا كان رايونى قۇرۇلدى.

كان رايونىنىڭ ئاپپاراتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. نېفىت ئايرىش سېخىدا 30 دەك ئىشچى بار.

2. نېفىت تەييارلاش سېخىدا 35 چە ئىشچى بولۇپ، مۇدىرى ۋارىس سىدىق ئىدى، ئۇنىڭ خىزمەت نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغاچقا، ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغانىدى.

3. بۇرغىلاش رېمونت ئەتىرىدى، ئەترەت باشلىقى ساپا، 20 دەك ئىشچىسى بار.

4. رېمونت قىلىش سېخىدا 40 دەك ئىشچى بولۇپ، مۇدىرى يەتتاخ تۆمۈر، مۇئاۋىن مۇدىرى سەلىم گاداي ئىدى.

5. ترانسپورت پونكىتى، پونكىت باشلىقى سېيىتغازى

تەشلەۋبايوق، 8 ماشىنا، 3 ــ 4 تىراكتورى بولۇپ، ئادەم سانى تەخمىنەن 25 ئىدى. شۇ چاغدىكى شوپۇرلار كېرىم ساقى، پاكار كېرىم، ۋالتاي نۇرسېيىت قاتارلىقلار. پونكىت يەنە نېفىت ئايرىش زاۋۇتى بىلەن كان رايونىنى توك بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ماشىنا موتورى ئارقىلىق توك بېرەتتى.

6. سېپتىش گورۇپپىسى، گورۇپپا باشلىقى ئەلىيوف ئىسكىلاتنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، 15 تەك ئىشچىسى بار ئىدى.

7. سۇ بىلەن تەمىنلەش گورۇپپىسى (ۋاداكاشكى)، سۇ پونكىتىدىن سۇ بېرەتتى، گورۇپپا باشلىقى سېيىتقان سالمقباييوف، 15 چە ئىشچىسى بار.

8. خوجۇاۇق بۆلۈمى، بۆلۈم باشلىقى رەخمەتجان، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ۋارىسجان تۇردى، خوجۇلۇق بۆلۈمى كۈيتۈڭدىكى شىيادىيەنزى دېھقانچىلىق مەيدانىنى باشقۇراتتى، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى ۋىسكىن دېگەن رۇس ئىدى، مۇئاۋىن باشلىقى مۇلۇك بولۇپ، دېھقانچىلىق مەيدانىدا تەخمىنەن 500 قوي، 200 يىلقا، 500 كالا، 40 ــ 50 تۆگە بېقىلاتتى.

9. دوختۇرخانا، دوختۇرخانا باشلىقى يىماش بولۇپ، دوختۇر سېستىرادىن 20 دەك كىشى بار.

10. قوغداش بۆلۈمى، بۆلۈم باشلىقى موللا ئابدۇللا بولۇپ، 20 دەك كىشى بار.

11. ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى (پاژارنى)، ئەترەت باشلىقى ئۆمۈرزاق، 10 دەك كىشىسى بار. 1947 ـ يىلى ئۆمۈرزاق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ئارمىيىسىنى تاغقا

باشلاپ كېتىۋاتقاندا، دۈشمەننىڭ يوشۇرۇن زەربە بېرىـ
شىگە ئۇچراپ شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان.

12. كان رايون ئىشخانىسى، خىزمەتچىلەردىن 60 — 70 تەك باردى. 1945 ـ يىلدىن 1946 ـ يىلغىچە كاندىكى رەھبەرلەر (دىرېكتور) ئايدارېك، قاپارقان، پالتاۋسكى قاتارلىق كىشىلەردى. 1947 ـ يىلدىن 1948 ـ يىلغىچە ئەنۋەر سابىر قاجىيوف، ئىمىن موللايوف، بوتىنكوپ (رۇس)، 1948 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە قىزىر ئىرجانوف قابىبوللا قاتارلىقلار ئىدى. شۇ چاغدىكى كان رايون ئىشخانىسى ھازىرقى 1 ـ مېھمانخانىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، كېيىن ئىشخانا ئوت ئاپىتىگە ئۇچراپ كۆيۈپ كەتكەن، ھازىرقى 1 ـ مېھمانخانىنىڭ بۇ بىناسىنى، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە جۇڭگو ـ سوۋېت شىركىلىشكەندىن كېيىن باشقىدىن سالغانىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەربى ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسى كان رايون ئىشخانىسىغا يېقىن 7 ـ كورپۇسنىڭ ئورنىدا ئىدى.

1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن (ئەمەلىيەتتە 1943 ـ يىلى 3 ـ ئاي) 1949 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە بۇرغىلاش ئۈسكۈنىلىرى بولمىغانلىقتىن مايتاغ كان رايونىدا قۇدۇق قېزىلمىدى. مۇشۇ مەزگىلدە نېفىت ئېلىنىۋاتقان قۇدۇقلارنىڭ ھەممىسى 1943 ـ يىلىدىن ئىلگىرى قېزىلغان. يۈزمېتىردەك چوڭقۇرلۇقتىكى قۇدۇقلاردىن ئون نەچچىسى بولۇپ، كىچىك تىپتىكى قول بىلەن نايلاندۇرۇلىدىغان كاچالكا ئورنىتىلغان. مىڭ مېتىردىن چوڭقۇر بولغان بىرقەدەر چوڭ تىپتىكى نېفىت ئېلىش قۇدۇقلىرىدىن 20 ـ، 36 ـ، 43 ـ نومۇرلۇق قۇدۇقلار باردى. بۇ ئوننەچچە قۇدۇقنىڭ 7 — 8 ىدىن

ئىشقىلىپ ئازدۇر - كۆپتۇر نېفىت چىقىدىغان بولۇپ، ھەر كۈنى 3 توننا ئەتراپىدا نېفىت ئالغىلى بولاتتى. نېفىت ئاز بولغاچقا، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى تەمىنلىيەلمەي، ئىش پات - پات توختاپ قالاتتى. پۈتۈن كاندا ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيىدىن 30 دەك كېرپىس بار ئىدى.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئازادلىق ئارمىيە مايتاغ كان رايونىغا كىرگەن چاغدا 200 ئەتراپىدا ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى. 1949 - يىلى 10 - ئايدا، ۋاڭ جېن سىلىڭيۈەن قاتارلىق ئون نەچچە كىشى، مايتاغقا كېلىپ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ۋە نېفىتلىكنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئالغاچ كەلگەن چاينى ئىشچىلارغا بۆلۈپ بېرىپ، كۆپچىلىكتىن ھال سورىدى. 1950 - يىلى 6 - ئايدا پارتىيە مايتاغ نېفىت كانىغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. گۇرۇپپا باشلىقى جيا پېيمو ئىدى. 9 - ئايدا، شىخو ناھىيىسىدە چاقىرىلغان ئاممىۋى ۋەكىللەر يىغىنىغا، مايتاغدىن يولداش ۋارىس سىدىق ۋەكىل بولۇپ قاتنىشىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا شەرەپ بىلەن قوبۇل قىلىنىپ مەيدىسىگە قىپ - قىزىل گۈل تاقاپ، مەدھىيە ۋە ئالقىش ساداسى ئىچىدە مايتاغقا قايتىپ كەلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، كان رايونىدا پارتىيە گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 10 - ئايغا كەلگەندە، ۋارىس سىدىقتىن كېيىن، ۋارىسجان تۇردى، نۇرمەخمەت، يەتتاخ قاتارلىق بىر نەچچە يولداش پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. 10 - ئايدا

مەن ئىچكىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پارتىيىگە كىرىشكە ئىلتىماس يازدىم. جياپېيمو بىلەن ۋارىس سىدىق قاتارلىق يولداشلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن 1950 - يىلى 12 - ئايدا شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردىم.

1950 - يىلى 8 - 9 - ئايلاردا، غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلتىيى شىئەندە تەنتەنىلىك ئېچىلدى. مەن مايتاغ نېفىت كانىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە شەرەپلىك ھالدا بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا قاتناشتىم. قۇرۇلتايدا مەن ۋە شىنجاڭدىن بارغان ئون نەچچە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى غەربىي شىمال رايونى باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلاندۇق. قۇرۇلتايدىن كېيىن، بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت بېيجىڭ، تيەنجىن، تاڭگۇ قاتارلىق شەھەرلەردە ئېكىسكۇرسىيە ۋە ساياھەتتە بولدۇق. بىز بېيجىڭدا ئۇلۇغ داھىيمىز رەئىس ماۋزېدۇڭ ۋە ليۇشاۋچى جۇدې، جۇئېنلەي قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنى كۆردۇق. 1950 - يىلى 10 - ئايدا، مەن مايتاغقا قايتىپ كېلىپ، مايتاغ، شىخو، كۈيتۇڭ قاتارلىق جايلاردا غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يەتكۈزدۈم.

1951 - يىلى 6 - ئايدا، شىنجاڭ نېفىت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. مايتاغ نېفىت كانىدا بىرىنچى بولۇپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، نېفىت ئىشچىسى، يولداش ۋارىس سىدىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

www.uyghurkitap.com

شى جىنشى بىلەن مەن مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ سايلاندۇق، ھەممىدە مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى چەككىلەش سېخىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىدىم.

1986 - يىلى 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

تەرجىمە قىلغۇچى: رەخىم رەجەپ

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مايتاغ

**سەيىت ئۆمەر**

تيانشاننىڭ شىمالى ئېتىگىدىكى ئىلى - ئۈرۈمچى تاش يولىنىڭ ئالتاي - چۆچەك ۋىلايىتىگە قايرىلىش ئېغىزىنىڭ توققۇز كىلومېتىر جەنۇبىدا، ئورمانىدەك مۇنارلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك، زامانىۋى نېفىت ئايرىش زاۋۇتى — مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى جايلاشقان. ئۇ يەردە قاتار - قاتار سېلىنغان رەتلىك ئېگىز بىنالار، چىرايلىق ھەم پاكىز كەڭ ئاسفالت كوچىلار، زامانىۋى كۇلۇپلار، ئۇزۇن - ئۇزۇن كەتكەن ئائىلىلەرگە يار يەتكۈزۈپ بېرىش لىنىيەلىرى ھەيۋەتلىك تېلېۋىزور مۇنارلىرى ئورنىتىلغان گۈزەل مايتاغنى كۆرگىنىمىزدە ھاياجانلانماي قالمايمىز.

يىلىغا 1.500.000 تونىنا نېفىتنى 130 خىلدىن ئارتۇق مەھسۇلات قىلىپ ئايرىپ چىقىپ ھەر كۈنلىگى چەتئەللەرگە، ئىچكى ئۆلكىلەرگە، شىنجاڭنىڭ ھەممە بۇلۇڭ پۇشقاقلىرىغا توختىماي زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن توشۇلۇۋاتقان مايلارنى كۆرگىنىمىزدە، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىدا قۇرۇلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ زامانىۋى زاۋۇت سىزنى پەخىرلەندۇرۇشى چوقۇم. شۇنداقلا ئاشۇ تاغ باغرىدا مۇشۇنداق بىر زامانىۋى زاۋۇتنىڭ دەسلەپكى ئۇلىنى قويغۇچىلارنى ئەسلىمەي مۇمكىن بولمىغىنىدەك، ھازىر جان كۆيدۇرۇپ ئىشلەۋاتقان ئىشچى - تېخنىكلارغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز. ئەلۋەتتە. ئىگىز بىنالار بىر تال - بىر تال خىشتىن ئۆرە بولىدۇ. مايتاغمۇ ئاشۇ قانۇنىيەتتىن خالى ئەمەس.

مەن بۇ ماقالىدا مايتاغنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ۋاقتىدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا ئىگەللىگەن ماتېرىياللىرىمە-نىڭ بىر قىسمىنى ئاما بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن. ئەمما قەلەم كۈچۈم ئاجىز، تارىخى ئارخىپلار تولۇق ئەمەس.. دوخسانلارنىڭ بولمىشى تەبىئى، يولداشلارنىڭ تۈزىتىپ بىردىن - بىردىن خىش قويۇپ تولۇقلاپ كېتىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھارپىسىدىكى مايتاغنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى. مايتاغ تيانشان تېغىنىڭ شىمالى ئېتىكىگە، شىخو ناھىيىسىنىڭ شەرقى جەنۇبى، كۈيتۇڭ دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا جايلاشقان. مايتاغنى ئۈچ تاغ ئوراپ تۇرىدۇ، مايتاغ ئۈچ تاغ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك تاغ (خەنزۇچە «دۇسەنزى» يالغۇز تاغ)نىڭ باغرىغا جايلاشقان. قالغان ئىككى تاغ غەربىي تەرەپتە «خەلپەت تاغ» شەرقى تەرەپتە «ئۆچكە تاغ» بار، مايتاغنىڭ يېنىدىكى كىچىك تاغ (دۇسەنزى) دېڭىز يۈزىدىن 860 مېتىر ئىگىز، ئۇنىڭ شەرقى تەرەپىدىكى تۈزلەڭلىكلەردە نۇرغۇن نېفىت قۇدۇقلىرى بار بولۇپ، ھازىرمۇ بىر قىسىم قۇدۇقلاردىن نېفىت ۋە گاز ئېلىنىپ

تۇرۇدۇ. ھازىرقى «مايتاغ» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئورۇندا ماي بارلىقى توغرىسىدا 1906 ـ يىلىدىن كېيىن جۇڭگو ۋە چەتئەل گېئولوگىيە ئەترەتلىرى نۇرغۇن تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان. 1907 ـ يىلى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى چاررۇسىيەدىن كىچىك ئىككى ماي ئايرىش قازىنى ئېلىپ كىرىپ ناھايىتى ئاددى ئۇسۇلدا يەنىمخەيدە كىرىسىن ئايرىشنى يولغا قويغان. ھەمدە ھارۋا مايلاش مايلىرىنى ئىشلەپچىقارغان. 1935 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى» شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ 1936 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشىپ «مايتاغ نېفىتىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى» قۇرۇپ قەدىمقى مايتاغدا بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئەسلىدە بار بولغان يەنىمخەي نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى "مايتاغ نېفىت ئايرىش تەكشۈرۈش زاۋۇتى» قىلىپ قۇرغان. 1936 ـ يىلى كۈزدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بۇرغىلاش جازىسى دىۋىگاتېل، ناسوس، كاتول قاتارلىق نېفىت سانائەت ئۈسكۈنىلىرىنى ئەكىرىپ قۇراشتۇرۇش بىلەن قۇدۇق قېزىشنى باشلىۋەتكەن.

1937 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى 2 ـ نومۇرلۇق قۇدۇقتىن نېفىت چىققان. 1937 ـ يىلى 3 ـ ئايدا نېفىت ئايرىش زاۋۇتى پۈتتۈرۈلۈپ 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تۇنجى قېتىم ئايرىلغان بېنزىن، كىرىسىننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە خۇش ـ خەۋەر قىلىپ يەتكۈزگەن. بۇ جەريانىدا سوۋېت مەبلىغى بىلەن كېرەكلىك قۇرۇلۇشمۇ سېلىنغان. شۇنىڭ بىلەن قۇدۇق قېزىش، نېفىت ئېلىش، نېفىت

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com

ئايرىش تەدرىجى تەرەققى قىلىپ بارغان.

1943 - يىلى 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى 32 - نومۇرلۇق ئىستاتىستىكا جەدۋىلىدە (مىنگونىڭ 32 - يىلى 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى) مۇنداق خاتىرىلەنگەن: 1942 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە:

| | |
|---|---|
| ئېلىنغان نېفىت | 7321 توننا |
| چەككىلەنگەن نېفىت | 7060 توننا |
| بېنزىن | 1900 توننا |
| كېروسىن | 1350 توننا |

چەككىلەنگەن يىلىك ماي جەمئىي 3250 توننا. دېمەك يىلىك ماي 46% بولۇپ يىلىك ماي ئايرىش ئىقتىدارى تۆۋەن بولغان بولسىمۇ مايتاغ شۇ مەزگىللەردە جۇڭگو-دىكى خېلى ئىلغار نېفىت سانائەت رايونى بولغان.
گېرمانىيە فاشىستلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىپ ستالىنگراد بوسۇغىسىغا كېلىپ قېلىشى، شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانى شېڭ شىسەينىڭ يالغان ئىلغارلىق نىقاۋىنى چۆرۈپ تاشلىشىنى تېزلىتىپ، سوۋېت بىلەن ئىتتىپاقلىشىشتىن سوۋېتكە قارشى مەيدانىغا ئوچۇق - ئاشكارە چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1942 - يىلى گومىنداڭ مەركىزى قۇۋۋەت مەنبەئى ۋېيۇەنخۇي قارار قىلىپ شىنجاڭ نېفىتلىكىنىڭ ئەينى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئىگەللەپ، 1936 - يىلى قېزىپ تەكشۈرۈش باشلانغاندىلا رەسمىي توختام تۈزۈلمەي نامىدا ئۆلكە باشقۇرۇشىدا دېيىلسىمۇ ئەمەلدە جۇڭگو - سوۋېت شېرىكلىشىپ باشقۇرۇپ كەلگەنلىكتىن تەشكىلى ئاپپارات، مالىيە قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن مەسىلىلەر كۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان بۇ زاۋۇتنى ئۆزى مۇستەقىل ئىچىشنى ئورۇن-

لاشتۇرغان بولۇپ 1942 ـ يىلى 10 ـ ئايدا «جۇڭگو گېئولوگىيە تەكشۈرۈش بۆلۈمى» بىلەن «گەنسۇ نېفىت كان» بىرلىكتە، گېئولوگ ۋە ئىنژېنېر ئەترىتى تەشكىللەپ كۇچار ۋە مايتاغلارنى تەكشۈرۈپ 1943 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چۆچەككە قايتىپ «شىنجاڭنىڭ قىسمەن گېئولوگىيىسىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، ئىنژېنېرلار دۈيى «مايتاغ كان رايونىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات». دېگەن ئىككى دوكلاتنى يېزىپ مايتاغ كانىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ تېخنىكىلىق تەييارلىقىنىڭ پۈتكەنلىكىنى بىلدۈردى. سوۋېت تەرەپ خەلقئارادىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتى تۈپەيلىدىن جۇڭگو ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ پوزىتسىيىسىدە ئۆزگۈرۈش بولىۋاتقانلىقىنى كۈندىن ـ كۈنگە ئوچۇق كۆرۈپ 1942 ـ يىلى 11 ـ ئايدىلا مايتاغنى بىرلىكتە ئېچىشنىڭ رەسمىي توختامىنى تۈزۈش مەقسىتىدە جۇڭگو تەرەپكە 19 ماددىلىق «سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كېلىشىمى» لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ جۇڭگو تەرەپ جاۋاپ بەرمىگەن. 1942 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى مايتاغ بۇرغىلاش جازىسىنى قۇراشتۇرۇش ئىشچىلىرى مائاش، تۇرمۇش شارائىتى قاتارلىق مەسىلىلەردە ھۆكۈمەت تەرەپكە پىكىر قويۇپ 18 كۈن ئىش تاشلاپ پۈتۈن كاندا ئىككى كۈن ئىش توختىغان. ئۇنىڭ كەينىدىنلا 2 ـ ۋە 22 ـ قۇدۇق كاچىگارلىرى تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئىشتا چىقمايدۇ، 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى نېفىت ئالماش ئىشچىلىرىنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن تاماكا ئوتىدا بىرقانچە تونىنا نېفىتنىڭ كۆيۈپ كېتىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى گومىنداڭ ھۆكۈمەت تەرەپ قەستەن

سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى قىلدى دېگەننى ئۆيدۇرۇپ چىقىپ سوۋېتلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا رەھبەرلىك قىلىشتىن چەكلەيدۇ. نەتىجىدە مۇناسىۋەت ناھايىتى كەسكىنلىشىپ كېتىدۇ. سوۋېت تەرەپ 1943 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى جۇڭگو تەرەپكە بارلىق ئۈسكۈنىلەرنى جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ پۇلنى بېرىشنى، سوۋېتلىكلەر قايتىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھېچقانداق ئۈسكۈنىلەرنى ئالمايدىغانلىقىنى ئۇختۇرۇش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش توختاپ قالىدۇ. نەتىجىدە سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى 1943 - يىلى 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى سوۋېتكە قايتىشىدا 19 ئاپتوموبىل ئىككى تانكا 60 — 70 تەك ئەسكەرنى، شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى يەنە 3 ئاپتو-موبىل بىلەن 70 دەك ئەسكەرنى مايتاققا كىرگۈزۈپ مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىنى كانتىرول قىلىۋالىدۇ. كېچىلىرى چارلاش ئېلىپ بېرىپ مۇتەخەسسىسلىرىنى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدۇ.

ئىككى تەرەپ كۆپ قېتىم ئۇچرىشىپ 1944 - يىلى 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سوۋېت تەرەپنىڭ بارلىق ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىپ كېتىشىنى نېفىت قۇدۇقلىرىنى تاقاپ تاشلىشىنى جۇڭگو تەرەپ ئۆي ئىمارەتلەر ئۈچۈن بىر مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تۆلەشنى كېلىشىدۇ.

ئۈسكۈنىلەرنى يەرلىك ئىشچىلارنىڭ بۇزۇپ بېرىشىنى گومىنداڭ ھۆكۈمەت تەرەپ رەت قىلغانلىقتىن بوتۇلكىلارغا بولاپ پۇل تۆلىگەن بولسىمۇ بۇزۇپ بەرمەي قېچىپ كەتكەنلىكتىن، سوۋېت ئەسكەرلىرى ئۆزلىرى قول سېلىپ

بارلىق ئۈسكۈنىلەرنى بۇزۇپ ئاپتوموبىللارغا قاچىلاپ چېگرىغا توشۇيدۇ. پۈتمىگەن قۇدۇقلارنى تاشلاپ كېتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىشتا كىرىشتۈرۈلگەن 11 قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى سۇۋاركىلاپ ئېتىپ 1944 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ـ سوۋېتنىڭ بىرىنچى قېتىملىق مايتاغنى ئېچىشى تاماملىنىدۇ. سوۋېتلىكلەر كېتەرىدە يەرلىك ئىشچىلارغا «قونالىقلىققا قوناق شىخى ئاپارمايمىز، بۇ سايمانلارنى قورغاستىن ئۆتكۈزۈپلا قويۇپ قويىمىز» دىگەن.

سوۋېتنىڭ ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ كېتىشى ۋە مايتاغدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭنىڭ بىر روتا ئەسكىرىنىڭ سوپاخۇن باشچىلىقىدا ئۈچ ۋىلايەتكە قېچىپ كېتىشى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرى ئىشچىلار ئۈستىدىن ئاق تېررورلۇقنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، تۆت نەپەر خەنزۇ ئۈچ نەپەر (مىللى ئىلغار تېخنىك ۋە ئىشچىنى قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە قامايدۇ. بولۇپمۇ يەرلىك مىللەتلەرگە ئىشەنمەسلىك، ئۇلارنى خارلاشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ بارلىق مىللى تېخنىك ئىشچىلارنىڭ پىچاق، ئۈستىرالىرىنى يىغىۋېلىپ، «تۆت مىللى بىر يەردە يىغىلىپ تۇرماسلىق» «چاڭچىلى كۆرگەندە ئىككى مىللى بىللە ئولتۇرماسلىق، يەرلىك ئىشچىلار كېچىسى ئىشقا چىققاندا پانار يېقىپ چىقىش، خەنزۇ ئىشچىلار بىللە ئىش ئورنىغا ئاپىرىپ قويۇش شەرت» دىگەندەك مىللى بۆلگۈنچىلىك سېلىش، يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلىرىغا ئىشەنمەسلىك، خورلاش سىياسەتلىرىنى قوللىنىشتىن باشقا 200 دىن ئوشۇق يەرلىك ئىشچىلارنى 3 ـ چوڭ ياتاققا (بىتبىراق دەپ ئاتىلاتتى)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياتقۇزۇپ، خەنزۇ ئىشچىلارنى مىنبەك قىلىپ تەشكىللەپ،
شۇ ياتاقنىڭ بىقىنىدىكى 2 ـ نومۇرلۇق ياتاقتا ياتقۇزۇپ
چارىلاش، نازارەت قىلىش ئىشلىرىغا سېلىپ، يەرلىك
ئىشچىلارنى كېچىسى سىرتقا چىقىشتىن چەكلىگەن، ھەمدە
تەرەتكە چىقىشىدا «تەرەتكە ماڭدىم» دەپ ۋارقىراپ
مېڭىشىنى، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا ئېتىپ تاشلاشنى ئېلان
قىلغان. شۇنداقلا خەنزۇ ئىشچىلار ياتاقلىرىنىڭ ئاستىدا
دىداۋ (يەر ئاستى يولى) بولۇپ ئۇلار سىرتقا چىقىش ـ
كىرىشلەردە يەر ئاستى يولى بىلەن ماڭغان. مىللىلارنى
بىداۋسىز ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرغان ھەمدە 1944 ـ يىلى
3 ـ ئايدىن باشلاپ مىللىلارنى كۈيتۈك دېھقانچىلىقتا ۋە
مايتاغ ـ كۆيتۈك تاشيولىنى ياساشتا خەنزۇ ئىشچىلارنى
پوتەي ياساشتا، ئاكوپ قىزىشتا ئويۇشتۇرغان.
1944 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى
«گەنسۇ يۈيمېن نېفىت كانىنىڭ قارمىقىدىكى شىخو نېفىت
كانىغا تەييارلىق قىلىش باشقارمىسى»نى قۇرۇپ يۈيمېندىن
كىچىككىنە بىردانە تۈزمۇر ۋىشكا ئەكىلىدۇ. بىرقانچە
ياغاچ جازا ياساپ ئىشچىلارنى تەشكىللەپ قۇدۇقلارنىڭ
ئاغزىنى ئېچىپ قۇدۇقلارنى تازىلاش خىزمەتلىرىنى
باشلايدۇ. ھەمدە ئۇرۇمچىدىن ھەربىرى تۆت تونىلىق
ئىككى دانە كونا كاتول ئېلىپ كېلىپ ئايدا 250 ـ 150
توننا نېفىت ئايرىيالايدىغان زاۋۇت قۇرغان بولسىمۇ
مالىيە كۈچىنىڭ كاملىقى، ئۈسكۈنىلەرنىڭ كاملىقى (تولۇق
بولماسلىقى) تېخنىك كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى يەرلىك
ئىشچىلارغا بولۇۋاتقان بېسىمنىڭ ئېغىرلىقىدىن، ئۇلارنىڭ
ئىشقا ئەستايىدىل بېرىلمەسلىكىدىن ئىشلەپچىقىرىشنى

بۇرۇنقى سەۋىيەگە يەتكۈزۈش مۇمكىن بولمىغان. ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى 3 ۋىلايەت مىللى ئىنقىلابى پارتلاپ، مايتاغدىكى گەنسۇدىن كەلگەنلەر ئائىلىسىنى كۆچۈرۈپ يۈيمىنگە قايتىدۇ. بىر قىسىملار قېچىپ كېتىدۇ. گومىنداڭنىڭ مايتاغ مەمۇرىيىتى بۇيرۇق بىلەن قۇدۇقلارنىڭ ئاغزىلىرىنى سوۋاركىلاپ بىر قىسىم ئۈسكۈنىلەرنى بۇزۇپ مايتاغدا قالغان 300 دەك تېخنىك ۋە ئىشچىلارنى 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مەجبۇرى ھەيدەپ ئۈرۈمچىگە قاچىدۇ. يولدا قارشىلىق قىلغان بىرقانچە كىشىنى ئېتىپ تاشلايدۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنىڭ دەردىدە خەلقنىڭ غەزەپ دولقۇنلىرى ئۆرلەپ 3 ۋىلايەت خەلق ئىنقىلابى قوزغىلىپ كەڭ خەلقنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەنلىكتىن تېزلىكتە غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە مايتاغنى ئازاد قىلغاندا، مايتاغ بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىغان تاشلاندۇق كانىدى.

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى باشقۇرىشىدىكى مايتاغ

مىللى ئارمىيە ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە 1 - ئاتقۇچى پولك پىيادىلەر 1 - باتالىيونى بىلەن ئاتلىق 3 - دىۋىزىيون 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كېچە سائەت 2 دە شىخودىن يولغا چىقىپ 9 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە مايتاغقا يېتىپ كەلگەندە (يولدا جىگدىن قاچقان گومىنداڭ

ئەسكىرى بىلەن سوقۇشۇپ كېچىكىپ قالغان).

مايتاغدا بىرمۇ ئادەم يوق بولۇپ گومىنداڭ ئوت قويىۋەتكەن. 3 ـ چوڭ ياتاقلار كۆيۈپ بولغانىكەن. ھەربىلەر 2 سائەت دەم ئېلىپ كۆيىتۈك ـ يەنسىخەينى ئازاد قىلىشقا يۈرۈپ كېتىدۇ. 10 ـ چىسلا مايتاغنى ساقلاش ئۈچۈن شىخودىن بىر روتا ئەسكەر ئەۋەتىلگەن گومىنداڭ ۋاقتىدا قېچىپ كېتىپ يوشۇرۇنغان 10 دەك ئىشچى پەيدا بولۇپ ھەربىلەر بىلەن بىللە مايتاغنى قوغداش ۋەزىپىسىگە كىرىشكەن.

## مايتاغ كامبىناتىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى

1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىنقىلابى شەرقى تۈركىستان سودا سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قارمىقىدا «مايتاغ نېفىت كامبىناتى» تەسىس قىلىشنى قارار قىلىپ ئادىلبەكنى (ئۆزبەك) باش مۇدىر، بالتۇۋسكىنى مۇئاۋىن مۇدىر قىلىپ مايتاغ كانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇ كىشىلەر كېلىپلا (1) بىر مالىيە بۆلۈم قۇرۇپ قايتىپ كەلگەن ئىشچىلار بىلەن مۈلۈكلەرنى تىزىملاش خىزمەتلىرىنى باشلىۋېتىدۇ. (2) ئىلان چىقىرىپ قېچىپ كەتكەن تېخنىك ۋە ئىشچىلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئۇختۇرۇپ 40 — 30 نەپەر تېخنىكنىڭ ۋە ئىشچىنى يىغىدۇ. (3) غۇلجىدىن يېڭىدىن 100 دەك يېڭى ئىشچى قوبۇل قىلىدۇ. (4) بىر قۇدۇق رېمونت قىلىش، نېفىت ئېلىش (نېفىت ئىكسپىلاتاتسىيە) سېخىنى قۇرۇپ نېفىت ئېلىش ئەترەتى تەشكىل قىلىدۇ. (5) زاپاس مايلار ۋە يىغىندىن



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئېلىنغان مايلارنى ئايرىش ئۈچۈن زاۋۇتنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1946 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ تۇرۇش شارائىتىدىكى ئىقتىسادى قىيىنچىلىقلار ۋە نېفىت سانائىتىگە كېرەكلىك ئۈسكۈنىلەرنىڭ كېلىش مەنبەئى يوق، ئوقۇمۇشلۇق تېخنىك - ئىنژېنېرلار يوق بولۇشتەك بىر قاتار زور قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ رەسمى هالدا تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرى ۋە قوشۇمچە سېخلارنى قۇردى. ئۇلار:

1. مايتاغ كامبىنات ئىشخانىسى.
2. مالىيە بۆلۈم.
3. خوجىلىق ئىشخانىسى (ئۆي ئىمارەت ئات هارۋا، تۇرمۇش مۇلازىمەت ئامبارلىرى ئاشخانىلار ...).
4. قۇدۇقلارنى رېمونت قىلىپ نېفىت ئېلىش سېخى (نېفىت ئېكسپىلاتاتسىيە).
5. نېفىت ئايرىش زاۋۇتى.
6. ۋادىكاچكا (سۇ بىلەن تەمىنلەش سېخى).
7. مىخانىزىملىق سايمانلارنى رېمونت قىلىش سېخى
8. ئىستاتىستىكلار سېخى.
9. ئېلېكتر ئىستانسىسى.
10. ئاۋتوگراژ
11. تېخنىك ماتېرىياللار ئىسكىلاتى.
12. تەييار مەھسۇلات ئىسكىلاتى.
13. كۆيتۈك دېهقانچىلىق مەيدانى.
14. سودا ماگىزىنى.
15. غۇلجا شەهەردە تۇرۇشلۇق پونكىتى (بازى).
16. شىخودىكى مايتاغ پونكىتى (بازى).

ئۇندىن باشقا رايونلۇق ساقچى ئىدارىسى، هەربى

www.uyghurkitap.com

كامىنداﺋىتلار قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىش ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ.

1946 ـ يىلى كۈزدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قۇتۇرتىشى ۋە قوللىشى بىلەن قالمىماك ـ تاكمانلار باندىتلىرى مايتاغقا پاراكەندىچىلىك سېلىپ تىنىچ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىغا خەۋىپ كەلتۈردى. ئۈچ ۋىلايەت مەركىزى ھۆكۈمىتى يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن 1947 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مايتاغ نېفىت كامبىناتىنى مىللى ئارمىيە باش شتابىنىڭ ھەربى ئىدارە قىلىشىنى بەلگىلەپ پولكونىك غاپپارخان شاكروپنى باش مۇدىر، ئەنۋەر سابىر ھاجىۋنى مۇئاۋىن مۇدىر قىلىپ ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشقا بەلگىلەيدۇ.

باندىتلارنى تازىلاپ مايتاغنى قوغداش ئۈچۈن ئازاد نىشانلىق 2 ـ پولكنى ئەۋەتىپ ئارمىيە قاتتىق جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە 1947 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا باندىتلارنى تىيانشاننىڭ شىمالى ئېتىكىدىن قوغلاپ چىقىرىپ مايتاغنىڭ تىنىچ ئىشلەپچىقىرىشىنى كاپالەتلەندۈرۈلدى.

شۇڭا 1948 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئىلى ۋىلايەتلىك ۋالى ئىدارىسىدىن تىيىپ ھاجىم ـ سابىتوپ، ئابدۇل غاپپار، ئوسمانوپ قاتارلىق كەمسىيەلەر كېلىپ مايتاغنى ھەربى شتاپ قارمىقىدىن خەلق خوجىلىق ساناەت بىرلەشمىسىگە ئۆتكۈزۈپ، بوتىنكوپ باش مۇدىر، ئىمىناخۇن موللاھاجىۋ (بۇ كىشى بوتىنكوپنىڭ يەرلىك تېخنىكلارنى چەتكە قېقىشىغا نارازى بولۇپ 6 ئايدەك تۇرۇپ قايتىپ كەتكەن)نى مۇئاۋىن مۇدىر قىلىپ بېكىتتىدۇ. شۇ يىلى چۆچەك ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى باشباي «مايتاغ

چۈچەك تەۋەسىدە بولغانلىقتىن كادىر بەلگىلىمىشىمىز كېرەك» دەپ قىزىر ئىرجانوپنى «تېخنىكا ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇدىرى» قىلىپ ئېۋەتكەن بولسىمۇ بۇ كىشى كەسىپ ئەھلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن رولى بولماي ئاز ۋاقىت تۇرۇپ قايتىپ كەتكەن.

مۇدىر بېتىنكوپ ئەسلىدە بار بولغان تېخنىكلارنى چەتكە قېقىپ ئۆز يېقىنلىرىنى ئىشقا قويغىنى ئۈچۈن 1949 - يىلىنىڭ بېشىدا سانائەت ئىدارىسى بېتىنكوپنىڭ ئورنىغا خەيبوللانى مۇدىر قىلىپ بەلگىلەپ مايتاغ كومبىناتىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ تۇرغان.

## تېخنىك ۋە ئىشچىلار قوشۇنى

1949 - يىلى بارلىق ئىشچى خىزمەتچىلەر 196 نەپەر بولۇپ 1946 - يىلدىن 1950 - يىلغىچە ئىشلىگەن تېخنىكلار ئىچىدە قىسقا مۇددەتلىك تېخنىك كۇرسلىرىنى پۈتتۈرگەنلەر ئىككى نەپەر بولۇپ مەخسۇس تېخنىك مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر يوق ئىدى. ھەتتا بەزى تېخنىك، سېخ باشلىقلىرى ساۋاتسىز بولغان بولسىمۇ ئۇلار ئەمەلى تەجرىبىلەرگە ئىگە. ئورغۇپ تۇرغان مەسئۇلىياتچانلىق، دادىل ئىجادى غەيرەتكە ئىگە بولغان. شۇ ۋاقىتلاردا تەمىنات جەھەتتە ھەربى تەمىنات تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ، 1948 - يىلى پۈتۈن يىلدا تارقاتقان ئومۇمى مۇئاش 79.4010.149 سوم (يەتمىش توققۇز مىليون تۆت- يۈز بىر مىڭ بىر يۈز قىرىق توققۇز سوم) بولغان. دېمەك كىشى بېشىغا يىلدا تارتقان ئومۇمى مۇئاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

405179 سوم ھەر ئايدا ئورتا ھېسابتا 33.764 سوم بولغان. بۇ پۇل پەقەتلا تاماق پۇلىدىن ئىبارەت بولغان. 1949 - يىلىدىن كېيىن رەسمىي مائاش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتكەن 1946 - يىلى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەماي بىلەن ئۈچ ۋىلايەتنى تەمىنلەپ، شىخو خەلقىنى تېزەك ئىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن جېنىمىز پىدا دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مائاش، خىزمەت ۋاقتى، تۇرمۇش شارائىتىنى زادىلا سۈرۈشتۈرمىگەن. مەسىلەن: ۋارىس سىدىق مەسئۇلىغىدىكى نېفىت ئىشلەش ئىشچىلىرى تېخنىكا يېڭىلاشتا جۈرئەت قىلىپ 39 - قۇدۇق 40 - قۇدۇقنىڭ گازىنى 20 - قۇدۇققا ئۇلاپ ماڭدۇرۇپ ماي ئېتىلدۇرۇپ چىقارغان. يەنى 39 - قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەن، شۇ ۋاقىتتا ئەڭ مۇھىم بولۇۋاتقان 800 مېتىر سىم ئاغامچىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزلىرى 20 تونىلىق دانكرات ياساپ 10 كېچە كۈندۈز قۇدۇق بېشىدىن ئايرىلماي ئىشلەپ سىم ئاغامچىنى ئالغان. لېكىن تەشكىلاتتىن ھېچقانداق ئېتىبار بېرىشنى تەلەپ قىلمىغان. ئىشچى - تېخنىكلارنىڭ يۈكسەك ئىنقىلابىي جاسارىتى ئىلىدىكى مەركەزگە مەلۇم قىلىنىپ تۇرغان. شۇڭا ئەخمەتجان قاسىمى 2 قېتىم كانغا كېلىپ كۆزدىن كۆچۈرۈپ يولىيورۇقلارنى بەرگەن. 1947 - يىلى كۈزدە ئەخمەتجان قاسىمى ئالاھىدە مايتاقتا كېلىپ ئەھۋاللارنى ئۆگىنىپ ئىشچىلارنىڭ غەيرىتىنى يۇقىرى باھالىغان ۋە غۇلجىغا قايتىپ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنى ئەۋەتىپ ۋارىس سىدىققا 20 - قۇدۇقتىن ماي چىقارغانلىقى ئۈچۈن 1 - دەرىجىلىك ئىستىقلالىيەت (ئالتۇن) مېدالى، 800 مېتىر سىم ئاغامچىنى

ئالغىنى ئۈچۈن 2 - دەرىجىلىك ئىستىقلالىيەت (كۈمۈش) مېدالىنى تەقدىم قىلىپ «كۈرەش قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەرگەن. تېخنىك، ئىشچىلاردا ئازادلىققا تەشنالىق ۋەتەنگە مۇھەببەت كۈچلۈك بولغىنى ئۈچۈن ئاشۇ قىيىنچىلىق يىللاردا تولۇپ تاشقان مەسئۇلىيەت-چانلىق ۋە ئىجادى روھ بىلەن خىزمەت قىلىپ مىللى ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ۋە خەلق ئېھتىياجىنى قىسمەن بولسىمۇ نېفىت بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلغان.

## ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىشى

قۇدۇق رېمونت قىلىش ۋە ماي ئېلىش جەھەتتە قۇدۇقلارنى رېمونت قىلىپ، ماي ئېلىش سېخىنىڭ تېخنىك ئىشچىلىرى بىر دانە تۆمۈر جازا ۋە بىر دانە ياغاچ جازىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ كونا قۇدۇقلاردىن تۆۋەندىكىلەر-نى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرگەن:

| № | قۇدۇق نومۇرى | چوڭقۇرلىقى | |
|---|---|---|---|
| 1 | 39 - قۇدۇق | 805 مېتىر | |
| 2 | 〃 〃 42 | 750 مېتىر | |
| 3 | 〃 〃 20 | 〃 715 | |
| 4 | 〃 〃 37 | 〃 607 | |
| 5 | 〃 〃 43 | 〃 750 | |
| 6 | 〃 〃 11 | 〃 80 | |
| 7 | 5 - قۇدۇق | 〃 70 | |
| 8 | 〃 〃 3 | 〃 330 | |
| 9 | 〃 〃 2 | 〃 224 | |
| 10 | 〃 〃 1 | ماتېرىيال يوق | |
| 11 | 〃 〃 6 | 48 - يىلى تاشلىنىپ كەتكەن كونا قۇدۇق يېنىدىن يېڭىدىن قېزىلغان 4 قۇدۇق | |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ قۇدۇقلارنىڭ چوڭقۇرلىقى، يەر قاتلىمى، گاز بېسىمى، ماي زاپىسى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن قۇدۇقلارنىڭ كونكرېتنى ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ ئىگەللەپ ئوخشىمىغان ماي ئېلىش ئۇسۇللىرى قوللىنىلغان. گاز بېسىمى بىلەن ماي ئېلىنىدىغان قۇدۇقلار 39 ـ قۇدۇق 20 ـ قۇدۇق 43 ـ قۇدۇقلار بولۇپ، قالغان قۇدۇقلار كاشاكا (ناسوس) ئارقىلىق ياكى قول ئارقىلىق (ئاغامچىغا تۇروبا شەكىللىك چېلەك بېكىتىپ سۇ قۇدۇقلىرىدىن سۇ تارتقاندەك) ماي ئېلىنغان. قۇدۇقلارنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى مۇنداق بولغان.

39 ـ قۇدۇقنىڭ مىيى دەسلەپ ئۆزىنىڭ بېسىمى بىلەن ئېتىلىپ چىقىپ كۈنىگە 9 تۇڭ يەنى 1575 كېلو ماي ئېلىنغان.

ئۇسۇلى:

ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى قۇدۇق ئاغزى ئېچىلىپ 2 ـ 3 سائەت ماي ئېتىلدۇرۇپ قۇرۇق گازى چىققاندا ئېتىپ قويۇلاتتى. بۇنى «قىسىلغان بېسىم» دەپ ئاتايتتى. بۇ قۇدۇق بىر قانچە قېتىم تازىلانغاندىن (رېمونت) كېيىن ئۆز بېسىمى بىلەن چىقالماس بولۇپ 1947 ـ يىلى كاشاكا بىلەن ماي ئېلىشقا ئۆزگەرتكەن. 42 ـ قۇدۇقنىڭ ماي ئېلىش ئۇسۇلى 39 ـ قۇدۇق بىلەن ئوخشاش. 36 ـ قۇدۇقتىن ماي ئۆزى ئېتىلىپ چىقاتتى. ھەر كۈنى قۇدۇق ئاغزى ئېچىلىپ 15 مىنۇتتەك ۋاقىت ئىچىدە 6 تۇڭ ماي چىقىپ بولغاندىن 2 ـ 3 سائەت قۇرۇق گاز چىقىرىلىپ قۇدۇق ئاغزى ئېتىلىپ «قىسىلغان بېسىم» تەييارلاش ئۇسۇلى قوللىنىلغانىدى. 1948 ـ يىلى

قۇدۇق ئىچىدىكى قۇم تازىلىنىۋاتقاندا ئىنتايىن يۇقىرى بېسىملىق گاز پارتىلاپ ئېتىپ كېتىش بىلەن قۇدۇق پۈتۈنلەي ئىشتىن چىققان. 37 ـ قۇدۇقنىڭ مېيى ئۆزى ئېتىلىپ چىقىشىمۇ سۇ مىقدارى كۆپ گاز بېسىمى كۈچلۈك بولۇپ كۈنىگە 2 توڭ ماي ئېلىنىپ تۇرغان. 20 ـ قۇدۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دەسلەپتىلا قولغا ئېلىنغان 2 يىلدىن كېيىن ۋارىس سىدىق، باياقىش، يولۋاس، بىيدەخمەتلەر ئىجات قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ 39 ـ ۋە 40 ـ قۇدۇقلارنىڭ گازىنى 20 ـ قۇدۇققا ماگدۇرۇپ سىرتتىن گاز بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق دەسلەپتە ناھايىتى كۆپ ماي چىقىپ ماي قاچىلاشقا باك، بۆشكا يېتىشمەي كۆل قېزىپ ماي قاچىلىغان. كېيىنچە ماي مىقدارى ئازلاپ ھەپتىدە 5 توڭ يەنى 875 كىلو ماي ئېلىنىپ تۇرغان. 43 ـ قۇدۇقتىن ماي ئۆزى ئېتىلىپ چىقىپ كۈنىگە 3 ـ 4 توڭ يەنى 500 كىلو ماي ئېلىنىپ تۇرغان. قالغان 2 ـ 3 ـ قۇدۇقلار كاشالكا بىلەن؛ 11 ـ 5 ـ 6 ـ يېڭى 1 ـ قۇدۇقلاردىن قول بىلەن ماي ئېلىنغان. بۇ قۇدۇقلارنىڭ مەھسۇلاتى بەكمۇ تۆۋەن ئىدى. يېڭى 1 ـ قۇدۇقنىڭ مېيى بەك ئاز ئىدى. كېيىن كۆمتۈرۈلۈپ ئىشتىن قالغان.

1946 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مەخسۇس قۇدۇق بۇرغىلاش ئېلىپ بېرىلمىغان. قۇدۇقلارنى رېمونت قىلىش قۇدۇقلارنى يۇيۇش ۋە ماي ئېلىش ئاساس قىلىنىپ كۈنىگە 3 ـ 4 توننا ماي ئېلىنىپ كەلگەن. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا 4 يىل ئىچىدە 5600 توننا ماي ئېلىنغان.

1948 ـ يىلى 24 ـ فېۋرال مايتاغ كامبىناتىنى ھەربى

شتابىدىن خەلق خوجىلىق سانائەت بىرلەشمىسىگە ئۆتكۈزگەن ئاكتىدا: «... مايتاغ نېفىت كامبىنات قارمىقىدا ھازىر مەھسۇلات ئىشلىنىپ تۇرغان 42 ـ 39 ـ 37 ـ بورىۋاي 20 ـ 11 ـ 5 ـ تارتارنىيەلەر (رېمونت قىلىنىپ ئىشلىتىلمىۋاتـ قان ـــ كۆچۈرگۈچى) شۇلاردىن ئىبارەت 36 ـ بورىۋاي بىرئاز نەمگەك قىلسا تولۇق مەھسۇلات ئىشلەشكە مۇمكىن بولىدۇ دېيىلگەن. بۇلار ئاساسلىق ماي ئىشلىنىۋاتقان قۇدۇقلار ئىدى.

## ماي ئايرىش

گومىنداڭ بەكمۇ تەمتىرەپ قاچقانلىقى ئۈچۈن نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى بۇزۇپ تاشلاشقا ئۈلگۈرمىگەن. 1945 ـ يىلى 11 ـ ئايدىلا زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ماي ئايرىشنى باشلىغان بولسىمۇ ئىنچىكە ماڭدۇرۇشقا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ماي ئايرىش مىقدارى كۆپ، ماي ئىشلەش مىقدارى ئاز بولغاچقا 15 ـ 20 كۈن توختاپ ماي يىغىپ، ئاندىن 20 ـــ 30 كۈن ماي ئايرىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. بۇ يىللاردا زاۋۇتتىمۇ تۈرلۈك ئۈسكۈنىلەر يوق. ھەتتا ئادەتتىكى ماتېرىياللار ئىنتايىن كەمچىل بولغان ئەھۋالدا ئىشچىلار، تېخنىكلار ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلىپ يېنىك ماي، بېنزىن، كېروسىن، سەلەركە ئىشلەشنى ئۆستۈرگەن. ئەزەلدىن ئىشلىنىپ باقمىغان مايلاش مېيى ئافتول ئىشلەپ چىقارغان.

ئومۇمى يېنىك ماي مىقدارى 626.6 توننا بولۇپ يېنىك ماي ئايرىش نىسبىتى 45% بولغان مايتاغ تارىخىدا ئىشلەنمە—

1947 ـ يىلى 1 ـ ئايىنىڭ 1 ـ كۈنىدىن 47 ـ يىلى
12 ـ ئايىنىڭ 30 ـ كۈنىگىچە ئىستاتىستىكا:

| تۈرى | يىللىق ماي مىقدارى | % | |
|---|---|---|---|
| نېفىت | 1391 تونا | | |
| بېنزىن | 266.5 تونا | 19.2% | |
| كېروسىن | 202.5 تونا | 14.5% | |
| گوردىن | 53 تونا | 3.8% | |
| مازوت | 757 تونا | | ئىلىكتىر ئىستانسىغا يېقىلغۇ |
| مىنى ئاپتول | 8.6 تونا | 0.6% | قىلغان مايلاش مېيى (ئاپتول) |
| سەلەركە | 96 تونا | 6.9% | |

گەن ئاپتول ئىشلەپچىقارغان. بۇ نەتىجىلەرنى ئەنە شۇ قىيىنچىلىق يىللاردا تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەلۋەتتە.

بۇ زاۋۇت ئازادلىقتىن كېيىنمۇ سايمانلارنى تولۇقلاش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق 53 ـ يىللارغىچە ئىشلەپ كەلگەن.

تېخنىك ماتېرىياللار، كان كاپىتالى ۋە ئىقتىسادى ئۈنۈمى

1946 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1949 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە مايتاغقا سۇ لىنىيەسىنى يېڭىلاش ئۈچۈن 1500 مېتىر 2.5 دىيومۇلۇق تۇرۇبا كىرگۈزۈلگەندىن باشقا زامانىۋى نېفىت

سانائەت ئۈسكۈنىلىرى كىرگۈزۈلمىگەن ۋە كىرگۈزۈش شارائىتىمۇ
يوق ئىدى. شۇڭا پۈتۈنلەي كونا سايمانلارنى رېمونت قىلىپ
ئۆزگەرتىپ پايدىلانغان. قۇدۇق جازىلىرى ئۈچۈن ياغاچ
جازا ياساپ ئىشلەتكەن. بۇ ھازىر كۈلكۈلۈك تۈيۈلىمۇ
شۇ مەزگىللەردە ئاجايىپ يېڭىلىق بولۇپ ئىشلەپچىقىرىشتا
دادىل ئىشلىتىلىپ قۇدۇق رېمونت ئېھتىياجىنى قامدىغان.

پېشقەدەملەرنىڭ ئەسلىشىچە: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى
مەزگىلىدە نېفىت سانائىتىگە كېرەكلىك ئۈسكۈنىلەردىن
يېڭى ئۈسكۈنىلەر زادى يوق بولۇپ مىخلارنىمۇ تۈزلەپ
ئىشلەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. دىگەندەك ئەينى يىللاردا تېخنىك
ماتېرىياللار ھەقىقەتەن قىس بولسىمۇ تېخنىك ماتېرىياللار
ئىسكىلاتى ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە شارائىت يارىتىپ
كېرەكلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان.

تېخنىك ماتېرىياللار ھەققىدىكى ئارخىپتىن قارىغاندا:
1947 - يىلى 1 - ئايدا 14.765.045 سوملۇق ماتېرىيالنى
ئابوروت قىلىپ ئىشلەپچىقىرىشنى 37.336.999 سوملۇق
ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ 1948 - يىلى 1 - ئايدا ئىسكىلاتتا
يەنە 25.975.182 سوملۇق تېخنىك ماتېرىياللار زاپىسى بولغان.

نېفىت كامبىناتىنىڭ كاپىتالى تۆۋەندىكىدەك ئىدى.

1947 - يىلى 83.935.844 سوم

1948 - يىلى 91.824.922 سوم بولۇپ بۇلار
ئۆز ئىچىگە 6 دانە ئاۋتوموبىل، ئېلېكتىر ئىستانسىسى،
دېۋىگاتېل، پاركاتولىرى، ئىستانوك قاتارلىق سايمانلارنى قۇدۇق
رېمونت قىلىش، نېفىت ئايرىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ئۇندىن باشقا كۆيتۈك دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ
316 گېكتار (4740 مۇ) دېھقانچىلىق يېرى 150 گېكتار

(2250 مو) ئۇتلىغى بولۇپ 1948 ـ يىلى 160.889.101 سوم ـ
لۇق تېخنىكا ئۇسكۇنىلىرى ۋە مال ـ مۈلكى بولغان.

بۇ يەر مايتاغنى ئاشلىق، گۆش ـ ياغ، ئات ئۇلاقلىرى يەم ـ بوغوز ھەم ئوت ـ چۆپلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان.

مايتاغ 1947 ـ يىلدىن باشلاپ نېفىت ئىشلەپچىقىرىش دېھقانچىلىق سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدىن يىلمۇ ـ يىل يۇقىرىغا پايدا يەتكۈزۈپ تۇرغان.

مىسال: 1947 ـ يىللىق ئاتچوتتا.

1947 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى مەبلەغ 141.737.129 سوم.

1947 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ پۈتۈن يىللىق راسخوت 347.747.900 سوم.

1947 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ پۈتۈن يىللىق كىرىم 1.124.284.667 سوم.

1947 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ پۈتۈن يىللىق ساپ پايدا 918.270.896 سوم. شۇ يىلى بېزىنىڭ تونىسى 400 دوللاردىن سېتىلغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدىكى: مايتاغ نېفىت كامبىناتىنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقى زور تېخنىكا كۈچى ئاجىز، تېخنىك ماتېرىياللار يوق دېيەرلىك ھالدىمۇ شۇ دەۋرگە نىسبەتەن يۇقىرىغا پايدا تاپشۇرۇپ كەلگەن. مايتاغ نېفىت كامبىناتى تۆت يىللىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشى مەزگىلىدە ئۇرۇش شارائىتىدىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئازادلىق ئۇرۇشىغا ماسلىشىپ ئىلى، ئالتاي، چۆچەك خەلقلىرىنىڭ ۋە مىللى ئارمىيەنىڭ بېزىن كىرسىن، سەلەركىگە بولغان. بىر قىسىم ئېھتىياجىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەمسىلەپ تارىختا مەلۇم رول ئوينىغان.

ئىشچى، تېخنىكلار تىللاردا داستان بولغىدەك يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن سەمەرىلىك ئەمگەكلىرىنى قىلىپ ۋەتەنگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

1949 ـ يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان خەلق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىللە مايتاغقىمۇ ئۆزىنىڭ بەخت نۇرىنى ئېلىپ كەلدى. ئازادلىققا تەشنا يۈرەكلەر ئۇسۇزلۇقتا قېنىپ پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەن ئالدىدىكى ئالى بۇرچىنى تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق ئىجرا قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. نۇرغۇن تېخنىك، ئىشچىلار ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيەنىڭ بارلىق چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ پارتىيە سېپىگە كىرىپ ۋەتىنىمىزنىڭ، شىنجاڭنىڭ نېفىت سانائىتى تەرەققىياتى ئۈچۈن يادرولۇق رولىنى جارى قىلىپ، رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدا، ئاساسىي قاتلاملاردا نېفىت ئۈچۈن بولغان كۈرەشلەرنىڭ بىرىنچى سەپلىرىدە يېڭى-يېڭى تۆھپىلەرنى ياراتتى.

«كۈرەش قەھرىمانى» مەرھۇم يولداش ۋارىس سىدىق مەملىكەتلىك 6 ـ، 8 ـ ئىشچىلار قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمى ھەيئىتى، نېفىت مېنىستىرلىقى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مايتاغ كان داگۇي فۇشۇجىسى، مۇئاۋىن كان باشلىقى، شىنجاڭ نېفىت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ يېڭى سەپەردە يېڭى تۆھپىلەرنى ياراتقان. ئەينى يىللاردىكى قۇدۇق بۇرغىلاش ئىشچىسى يولداش يولۋاس بورىۋاي ماستىرى، نېفىت ئېلىش 2 ـ زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ كۆزگە

كۆرۈنەرلىك خىزمەتلەرنى قىلغان. ھازىرمۇ يولداش ۋارىسجان تۇردىغا ئوخشاش بىر قىسىم پېشقەدەم يولداشلار نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. مەيلى رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدا بولسۇن، ئاساسى قاتلاملاردا بولسۇن بۇ يولداشلار تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىق بىلەن ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزدە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق تۆھپە قوشماقتا. 1936 - يىلدىن كېيىنكى يىللاردا ئىزچىل شىنجاڭ نېفىتى ئۈچۈن ئىشلەپ كەلگەن نۇراخمەت، ئەلىيوف، قابىدوللا دەك كۆپلىگەن پېشقەدەملەر سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزگە، ئۇلۇغ كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئاپىرىن ئېيتىپ ئاخىرقى ھاياتىنى خوشال - خورام دەم ئېلىش ئۆتكۈزۈش بىلەن ياشلارنى ھازىرقى بەختىنىڭ قەدرىگە يېتىپ پېشقەدەملىرىمىزنىڭ ئىزىنى بېسىپ بۆگىنكىدەك ياخشى شارائىتتا تېرىشىپ ئۆگىنىپ يىراقنى كۆزلەپ يېڭى سەپەردە يېڭى تۆھپىلەرنى يارىتىش ئۈچۈن ئىلھاملاندۇرماقتا.

1982 - يىلى 8 - ئاي.

ئىزاھات

(1) 1949 - يىلى رەسمى ئىشچى - خىزمەتچىلەر 196 نەپەر بولۇپ، مايتاغ كامپىناتى 1947 - يىلىدىن 1950 - يىلىغىچە ھەر يىلى يازلىق ۋە قىشلىق خىزمەت ئېھتىياجىغا قاراپ ۋاقىتلىق ئىشچىلارنى ئىشلىتىپ كەلگەن.

(2) كۆيتۈك دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 316 گېكتار يېرىنى

ھەر يىلى ئالماشتۇرۇپ تەرتىپ پ‍ايدىلانغان. 1955 ـ يىلى بارلىق يەر ۋە دېھقانچىلىق سايىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيەسى 7 ـ دىۋىزىيەسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

(3) ئۈچ ۋىلايەت ۋاقتىدىكى مۇدىرلار

1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1947 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە باش مۇدىر ئادىلبېك، مۇئاۋىنى پالتاۋسكى.

1947 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1948 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە باش مۇدىر غاپپارخان شاكىروف، مۇئاۋىنى ئەنۋەر سابىرھاجىيوف.

1948 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1949 ـ يىلى ئەتىيازغىچە باش مۇدىر بوتىنكوپ، مۇئاۋىنى ئىمىن موللاھاجى (ھازىر ئىلىدا) قىزىر ئىرجانوف.

1949 ـ يىلى ئەتىيازدىن 1950 ـ يىلى ـ ئايغىچە باش مۇدىر خەيبوللا.

4. بۇ ماقالە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئابلاستلىق ئارخىپ بۆلۈمىدىكى 67 ـ، 68 ـ، 70 ـ، 71 ـ، 72 ـ، 73 ـ، 74 ـ 75 ـ نومۇرلۇق ئارخىپتىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ يېزىلدى.

# مايتاغ — شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ ماكانى

مەھەممەت ئەلىيوف

بۇندىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى، كۈز كۈنلىرىنىڭ ئالدىنقى ئايلىرى ئىدى. جۇڭغارىيە ۋادىسىنىڭ غەربىي - جەنۇب بۇرجىكىگە جايلاشقان بىر پارچە يەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى غەپلەت ئۇيقۇسى، بۇرغۇ ساداسى ئىچىدە بۇزۇپ تاشلاندى. شۇ ۋاقىتتىن بېرى، بۇ جايدا كىشىلەر شاۋقۇنلۇق يېڭى ھاياتنى باشلىۋەتتى. گېئولوگىيە ئەترەتلىرى ھەرتەرەپتە تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. بۇرغۇچىلار ئەترىدى، ماشىنا - تىراكتورلار ئەترىدى ئارقا سەپ مۇلازىمەت خادىملىرى، ۋە قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى بولۇپ ئىككى - ئۈچ يۈزدەك ئىشچى - خىزمەتچىلەر بۇ يەرنى شىنجاڭ بويىچە، تۇنجى نېفىت بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. مانا بۇ جاي، مايتاغ بولۇپ، ئېغىر سانائەت بويىچە بىرىنچى قېتىم قۇرۇلغان تۇنجى بازا ئىدى.

مەن (مەھەممەت ئەلىيوف) 1938 - يىلى 4 - ئايدا ئۈرۈمچى جەنشىتىنىڭ (ئىسلاھات) ئىدارىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، خەنزۇ - مىللى بولۇپ سەككىز كىشى مايتاغقا

كەلدۇق. بۇ كىشىلەر جامال مۇسايۇپ، قۇربان قۇربانۇف، داۋۇت (كېيىن سايۇزغا كەتكەن) لۇبۇشەن، جاك دېشاك، چەك جىجىي، مەن ۋە يەنە بىر خەنسۇ كىشى بارىدى. بىز كەلگەندە مايتاغدا نۇرەقمەت (قازاق) ساپا توكۇر (بۇرۇلچىك)، مىرزىۋاي، ۋارىس سىدىق (سابىق نېفىت ئىدارە ئىشچىلار ئويۇشمىسى جۇشىسى) جاۋ چاڭجاڭ دېگەن كىشىلەر بار ئىكەن. شۇ چاغلاردا مايتاغنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرىنى، سوۋېت مۇتەخەسسىلىرى باشقۇراتتى، سىركەي دېگەن كىشى بىز كەلسەك باشلىق ئىكەن. رۇسچە سۆزنى ياخشى بىلىدىغان دۇگېبلىق جاۋ چاڭجاڭمۇ ۋە مىرودوف ئېۋەستىن، سابىر مۇختارىۋىچ، ئاركەدى ئارگونوۋىچ ئوۋۇنىن، باگرۇپلارمۇ ھەربىر ئورۇنلاردا رەھبەرلىك خىزمىتىگە مەسئۇل ئىدى. ئۇ چاغلاردا مايتاغنىڭ تۇرمۇش شارائىتىمۇ ناچار ئىدى. خىزمەت شارائىتى ئۇنىڭدىنمۇ ناچار ئىدى. سىركەي مىخايىلوۋىچ بۇرغىلاشتا مەسئۇل تېخنىك ئىكەن.

ئۇ چاغلاردا مايتاغدا ئىپتىدائى نېفىتلىكلەرگە ئوخشاش يەرلىك ئۇسۇل بىلەن نېفىت ئېلىناتتى. نېفىت گاز كۆرۈنۈپ تۇرغان يەرلەرنى، ئۇزۇنلۇقى بەش چاك ئەتىراپىدا كېلىدىغان ئىككى چوڭ كۆلچەك قېزىپ، ئاندىن كېيىن بۇ كۆلچەكلەر ئىچىگە چوڭقۇرلۇقى يەتتە چىدىن بىر جاڭغىچە بولغان 5 ــ 6 تىك قۇدۇق قازساق، نېفىت ۋە سۇ بىرلىكتە ئېقىپ چىقىپ بۇ قۇدۇقلارغا يىغىلاتتى. كېيىن چېلەك بىلەن ئېلىناتتى. ياز كۈنلىرى كۈنىگە 500 جىڭ ئەتراپىدا ئالغىلى بولاتتى. قىش كۈنلىرى ئاران 70 ــ 80 جىڭلا ئالغىلى بولاتتى. ئۇ چاغلاردا چۈشكۈنلەشكەن شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى، تەرەققىيات يولىنى بىلمىگەچكە، زامانىۋى

نېفىت ئۇسكۇنىلىرىنى كۆرگۈزۈپ، نېفىتلىكنى ئېچىشنى
بىلمەيتتى. شۇ سەۋەپتىن بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى قالاق
ھالەتتە تۇراتتى. نېفىت قۇدۇقلىرىمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس
ئىدى. ئۇ، قۇدۇقلاردىن چىققان مايلارنى تاغ ئىچىگە
كولانغان شاختىغا (3 ـ بورۋاينىڭ يېنى) يىغىپ يەرلىك
زاۋۇتقا، ئۆتكۈزەتتۇق. ئۇرۇمچى ھەم مايتاغدىكى يەرلىك
زاۋۇتلاردا ئاران كىرسىن، بېنزىن، سالياركا قاتارلىق
مايلارنى ئاجرىتىپ چىقىراتتى. شۇ چاغلاردا يىللىق
مەھسۇلات 5000 جىڭ ئەتراپىدىكى خام نېفىت ئىدى.
مايتاغنىڭ نېفىت مىنېرال توپىلىرى سۇس قارا رەڭلىك
بولۇپ، سۇدا لەيلەپ تۇراتتى. شۇنىڭغا قاراپ ماي
قۇدۇقلىرى بار ئورۇنلارنى بىلگىنى بولاتتى. ئۇ چاغلار-
دىكى كىچىك ۋىشكا ھەم كىچىك دىۋژېك ماتور بىلەن
50 مېتىردىن 150 مېتىرغىچە قۇدۇق قېزىلىپ نېفىت
ئېلىناتتى. سىركەي مىخايلوۋىچ شۇ چاغلاردا بىزگە قۇ-
دۇق بۇرغىلاشنى ھەم نېفىت يىغىپ ئېلىشنى تۇنجى قېتىم
ئۆگەتكەن كىشى ئىدى. ئۇ چاغدا مايتاغنىڭ جەنۇپ
تەرىپىدە ئىگىزلىكى بىرەر يۈز مېتىر كېلىدىغان بىر لاتقا
ۋولقان نېغى بولۇپ، تاغ ئۈستىدە گاز بىلەن قوشۇلۇپ،
لاتقا ئېتىلىپ تۇرىدىغان نۇرغۇن ئېغىزلار باردى.
بۇ ئېغىزلاردىن گاز، سۇغا ئارىلىشىپ چىقىدىغان كۆلە-
رەڭ يېشىل ۋە كۈشرەڭ قۇم لاتقىلار نېفىت پۇرىقىنى
تارقىتىپ ئېتىلىپ تۇراتتى. بۇنىڭغا قاراپ، ۋ ئەتراپ-
تا، نۇرغۇن نېفىت قۇدۇقلىرىنى قازغىلى بولىدىغانلىقىنى
بىلگىلى بولاتتى. سىركەي مىخايلوۋىچ يۇقىرىدىكى ئىشلارنى
دەرىس قىلىپ ئۆتتى. بىز دەسلەپكى قەدەمدە نېفىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىلمى ھەقىقەدە تېخنىكىلىق بىلىمگە ئىگە بولدۇق.
1938 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مايتاغدىن ۋادىكاشىكىغا
(غەربىدىكى ئېقىن دەريا) غا 6 كىلومېتىر ئەتراپىدا
كاناۋا (سۇ تۇرۇبىسى) كولاپ سۇنى مايتاققا تارتتۇق.
1939 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى 1940 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا
سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بوسورىك جازىلىرى كىرىشكە باشـ
لىدى. شۇ ۋىشكىلار بىلەن 17 ـ، 36 ـ، 39 ـ، 40 ـ، 41 ـ، 42 ـ
نېفىت قۇدۇقلىرى قېزىلدى.

ئۇ، بورۋايلار بىلەن 700 — 800 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى
قۇدۇقلارنى ئاران قازالايتتى. تاغ جىنىسلىرى قاتتىق،
سەۋىيە ئاجىز بولغاچقا بۇ قۇدۇقلارنى قېزىشتا ئاز
دېگەندىمۇ بىر ئاي ۋاقىت كېتەتتى. بۇ قۇدۇقلاردىن
پەقەت 3 — 4 توننىلا نېفىت چىقاتتى.

1941 ـ يىلى مايتاغدا خېلى ئىلغار تېپتىكى ماي
ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇلدى. شۇندىن تارتىپ ئۆزىمىز
چىقارغان نېفىتنى بۇ زاۋۇتتا چەككىلەيدىغان بولدۇق.
بىراق 1943 ـ يىلى سوۋېتلىكلەر بۇ زاۋۇتنى چۇۋۇپ
ئۇسكۇنىلىرىنى سوۋېتكە ئېلىپ كەتتى.

شۇ چاغدا ئىشچىلارنىڭ تاماق يېيىشى ئۈچۈن
بىرلا ئاشخانا بار ئىدى. كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرى
ۋە كىنوخانىلار يوق ئىدى. يەرلىك زاۋۇت ئالدىدا
بىر كانتۇر (ئىشخانا) ئىككى كورپۇس بارىدى.
غەربى تەرەپتە مېخانىزىم زاۋۇتى (كىچىك تېپتىكى)
گېئولوگىيە بۆلۈمى، ۋىشكا قۇراشتۇرۇش ئەترىتى، بىر ياـ
غاچچىلىق ئورنى، كىچىك گەرەج، بىر ئاتخانا ھەم
ئىشچىلار ياتىدىغان بىرنەچچە زىملانكىلار بارىدى.

يولدىكى تېرەكلەرنى 1940 - يىلى ئەتىيازدا بىز قويغاند-
دۇق. شۇ چاغلاردا باشقا يەرلىرى تاشلىق چۆل
دى. پۈتۈن زاۋۇتتا 20 نەچچە ئاپتوموبىل، ئالتە
تىراكتور بار بولۇپ، بۇلارنى ترانسپورت پونكتى باشقۇراتتى
ۋە رېمونت قىلاتتى. مەن بىر مەزگىل قۇدۇق قېزىشتا
ئىشلەپ كېيىن شاختىغا ماي يىغىشقا قاتناشتىم.
بىز ئۇ چاغلاردا كۈنىگە ئاران 3 — 5 تۇڭلا ماي
يىغالايتتۇق. بەزىدە بۇ مايمۇ يوق بولاتتى. 7 - 8
ئاي ماي توشۇغاندىن كېيىن، شۇ چاغدا مېنى گېولو-
گىيە بۆلۈمىنىڭ لابراتورىيىسىگە بۆلدى. ھەم كاللېكتىر-
لىق خىزمىتىنى بىرگە ئىشلىدىم. 1939 - يىلى كۈزدە نېر-
تىن، سابىر مۇختارئوۋىچ، ئاركەدى ئاگونوۋىچ ئوۋنىن،
باكروۋ دېگەن موتەخەسسىسلەر، سايۈزدىن كېلىپ، مېنى،
جامال مۇسايوف، داۋۇت ۋە باشقىلارنى بىر مەزگىل
گېئولوگىيە بىلىمىنى ئۆگىنىش ئىشىغا سالدى. ھەم
ئىمتىھان ئېلىپ مەن، جامال مۇسايوف، داۋۇتلارنى
گېئولوگىيە بۆلۈمىدە ئېلىپ قالدى. مەن يەر ئۈستى
ھەم يەر ئاستى چارتىيوژ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندىم.
كاللېكتىرلىق خىزمىتىنى بىرگە ئېلىپ باردىم. كېيىن
ئاركەدى ئارگونوۋىچ بىلەن يەنىسەي، توستى، شىخو
جىڭ، ماناس، چىڭگىشور، شىخەنزە ئۈستىدىكى تاغ
ئىچىگە كىرىپ، تاغ قاتلاملىرىنى تەكشۈرۈپ، پارودا
(تاغ جىنسلىرى) نى، تەكشۈردۇق توستىدىن راستۇر تو-
پىسىنى تەكشۈرۈپ تاپتۇق. ھەم شىخو ناھىيىسىنىڭ
چىڭگىشور كۆمۈر كان ئەتراپىدا نېفىت گېئولوگ تەكشۈرۈ-
شى بىلەن بولدۇق. 1939 - يىلىنىڭ ئاخىرى 1940 -

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىلىنىڭ بېشىدا نېفىت ئايىش زاۋۇتىنىڭ ئورنىغا قوزۇق قېقىپ ھازىرقى زاۋۇتىنىڭ ئورنىنى بەلگىلەپ چىقتۇق.

1940 ـ يىلى ئاركەدى، جامال مۇسايۇپ، مەن، سابىر مۇختاردۇچ تۆتىمىز، قاراماي دۆمبەلىكىنى تاپىمىز دەپ، ئىككى ماشىنا بىلەن يولغا چىقىپ، بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، «كۆل» دىگەن يەردىن قايتىپ كەتكەندۇق. شۇ چاغدا شۇلارنىڭ دىيىشىچە، 1800 نەچچىنجى يىللىرى سۇۋېتنىڭ بىر ئالىمى، «قاراماي دۆمبەلىكى دىگەن بىر تاغ بار، ئۇ يەردە ماي قاتلىمى بار» دەپ كەتكەن دىگەن ئىدى. ئۇلار مايتاغدىكى دۆمبەلەردىمۇ نېفىت بار. ئۇ يەرلەردە نېفىت بولغاشقا دائىم ئۆرلەپ تۇرىدۇ دىگەن ئىدى. ئۇلار قاراماي دۆۋىلىكى شىمال تەرەپتە دەپ بىز بىلەن ئىزدەپ تاپالماي مايتاغقا قايتقان ئىدۇق. مۇشۇ خىزمەت بىلەن تاكى 1942 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە شۇغۇللاندىم.

1942 ـ يىلى، مېنىڭ نېفىتكە ۋە ئۆز خىزمىتىمگە بولغان ھەۋىسىم تازا قوزغىلىۋاتقان چاغلار ئىدى، بىراق، مۇشۇ يىلى 10 ـ ئايدا مەن نېفىت كانىدىن قوغلاندى قىلىندىم.

1943 ـ يىلى مەن قوبۇقساردىكى ئاكامنىڭ يېنىغا باردىم. قوبۇقسارغا بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئەكسىل ئىنقىلابچى ھۆكۈمەت ئادەم ئەۋەتىپ، مېنى سۇۋېت ئىشپىيونى دەپ قولغا ئېلىپ كەتتى. مەن چۆچەك تۈرمىسىدە 11 ـ ئاي ياتتىم، 1944 — 1945 يىلغىچە مېنى ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە سولىدى.

1947 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مەن قەشقەر ماناردىپ ئىدا-

رىستىدىن ئۈرۈمچىگە كەلدىم. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن غۇلجىغا باردىم. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن 1947 - يىل 4 - ئاينىڭ ئاخىرى مايتاغقا قايتا خىزمەتكە كىردىم.

مەن شۇ كەلگىنىمدە بورۋاي تېخنىكى بولۇپ ئورۇنلاشتىم. تاكى 1950 - يىلغىچە مۇشۇ خىزمەتنى ئىشلىدىم. مەن كەلسەم ۋارىس سىدىق نېفىت پورما (زاۋۇتىنىڭ سابىق باشلىقى) ئىكەن، (يەنى بۇ كىشى شۇ چاغدا، 3 ۋىلايەت تەرىپىدىن ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان) مەن شۇ كىشىگە مۇئاۋىن بولدۇم. بىز دەسلەپتە ئەسلى سوۋېتلىكلەر قازغان، ھەم ئۇلار كەتكەندە تاقاپ كەتكەن نېفىت قۇدۇقلىرىنى قايتا ئېچىپ، نېفىت ئېلىشنى قايتىدىن باشلىۋەتتۇق.

1948 - يىلى 36 - نومۇرلۇق قۇدۇقنى ئېچىۋاتقىنىمىزدا تۇيۇقسىز ھادىسە يۈز بېرىپ، ئېتىلىپ چىقىۋاتقان نېفىت، گاز ئىچىدە چىقالماي قالدىم، ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. يولۋاس قاتارلىق بىرقانچە يېشقەدەم ئىشچىلار ماڭا ئارقان تاشلاپ، قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ، ھاياتىمنى ساقلاپ قالدى، بىراق، ئېتىلىپ چىققان نېفىت، گاز بىر كۆزۈمنى زەخىملەندۈردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» داۋامىدا، قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىنىپ تاياق دەستىدە كۆزۈمگە ناھايىتى زىيان يەتتى، ھازىر ئىككى كۆزۈم كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن ئايرىلىپ ھېچ نەمە كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم.

1947 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە، مەن يەنىلا مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدا نېفىت ئايرىش خىزمىتىگە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

مەسئۇل بولدۇم. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، مەن جۇڭگو سوۋېت نېفىت شىركىتىنىڭ تېخنىكا ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش بۆلۈمىدە ئىشلىدىم. كېيىن تېخنىكا ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسى قۇرۇلدى، مەن بۇ باشقارمىدا ئۈچ يىل ئىنژېنېر بولدۇم.

1954 ـ يىلى، شەرەپلىك ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردىم. كېيىن قاراماي شەھەرلىك تېخنىكا سايمانلار بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسىغا يۆتكىلىپ كېلىپ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولدۇم.

ھازىر شىنجاڭ نېفىت سانائىتى ئۇچقاندەك راۋاجلىنىپ، كۈن ساناپ ئۆزگىرىۋاتىدۇ. ئەمما مايتاغ يەنىلا شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ بۆشۈكى.

1986 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىسمايىل قاسىم




ئىچكى گېزىت - ژۇرناللارنىڭ بېسىلىشىغا يول قويۇش
كېنىشكىسى، شىنجاڭ 2 - نومۇرلۇق
内部资料准印证（新出）字第二号